# ئىزدىنىش

(تاللانما)

9

1994

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1994-يىل 9-سان

(ئومۇمىي 75-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى «ئىزدىنىش»نىڭ 1994-يىللىق 14- ۋە 15-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە

**ئىسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئارمىيىسىنىڭ خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلايلى**

——جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 67 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن.................................................. جاڭ جېن ( 2 )

**ئورمان بىنا قىلىپ كەڭ زېمىنىمىزنى كۆكەرتەيلى، ھەممە يەردە ھاۋانى ساپ، سۇنى سۈزۈك قىلايلى**

——21-ئەسىردىكى جۇڭگو مۇھىتى ۋە تەرەققىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز

( 1994-يىل 5-ئاينىڭ 19-كۈنى ) .................................. سۇڭ جيەن ( 18 )

**يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئۆگىنەيلى** ........................ جاڭ سىچىڭ ( 29 )

★9-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشىردىن چىقتى★ .

---

نەشىر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى:100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى:CN11-2498
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش.ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

---

# ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئارمىيىسىنىڭ خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلايلى

——جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 67 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

**جاڭ جېن**

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى 67 يىللىق جەڭگىۋار مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. ئارمىيىمىز جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بەرپا قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىللەردىكى دېھقانلارنى ئاساسىي تەركىب قىلغان ئاجىز قوشۇندىن قۇدرەتلىك خەلق ئارمىيىسى بولۇپ زورايدى، بوران-چاپقۇننى بېشىدىن كەچۈرگەن نەچچە ئون يىل داۋامىدا، ئارمىيىمىزنىڭ تارتقان جاپالىرى، كۆرەشتىكى قەيسەرلىكى، بەرگەن قۇربانلىرىنىڭ كۆپلۈكى، جەڭدىكى نەتىجىلىرىنىڭ شانلىقلىقى دۇنيانىڭ ھەربىي ئىشلار تارىخىدا كەم ئۇچرايدۇ. بىز تارىخنى ئەسلەپ، ئىنقىلابىي قۇربانلارنى يادلىغىنىمىزدا، " 1-ئاۋغۇست " ئارمىيە قۇرۇش بايرىمىنى خاتىرىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلق ئارمىيىسىنىڭ خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش، ئارمىيىمىزنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇق.

ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۆرەشلەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. بۇلاردا يولداش ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ شانلىق ئىدىيىلىرى مۇجەسسەملەنگەن، مىليونلىغان - ئون مىليونلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى يۇغۇرۇلغان، ئۇلار ئارمىيىمىزنىڭ بارلىق جاپا-مۇشەققەتلەرنى يېڭىشى، يېڭى-يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى ئەڭگۈشتەر. پېشقەدەم ئىنقىلابچى ۋە پارتىيىمىزنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىز ۋە ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتتى. 1975-يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئارمىيىدە مۇھىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپلا، لىن بياۋ ۋە " تۆت كىشىلىك گۇرۇھ "نىڭ ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش،

---

ئىزدىنىش ( تاللانما )

تاشلىۋېتىلگەن ياخشى ئەنئەنىلەر ۋە ياخشى ئىستىللارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ مەسىلىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىدى ھەمدە يېڭى ئەھۋاللارغا بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى نۇرغۇن جەھەتلەردە راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى. پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىنىڭ ھارپىسىدا ئۇ يەنە بىزگە: ئارمىيە ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ، قىزىل ئارمىيىنىڭ خىسلىتىنى ساقلاپ قېلىشى لازىم، دەپ چىن كۆڭۈلدىن تاپىلىدى، پارتىيىمىزنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى جياڭ زېمىن ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 14-قۇرۇلتايدىن كېيىن، ئۇ ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ ئون جەھەتتىكى مەزمۇنىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ، پۈتۈن ئارمىيىدىن تىرىشىپ ۋارىسلىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇشنى، ئۇنى دەۋر يۈكسەكلىكى ۋە ستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇشنى قايتا-قايتا تەلەپ قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تاپىلىشى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ تەلىپى پارتىيىنىڭ ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا بولغان چوڭقۇر غەمخورلۇقى ۋە سەمىمىي ئۈمىدىنى تولۇق نامايان قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يېڭى دەۋردە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى بىر تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلە تۇتۇۋېلىنغان. ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلار، تەشكىلىي تۈزۈملەر ۋە خەلق ئارمىيىسىگە خاس بولغان ئىنقىلابىي روھ ۋە ئىنقىلابىي ئىستىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ خەلق ئارمىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن بولۇپ، مەڭگۈ قۇدرەتلىك جۇشقۇنلۇققا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە. ئارمىيىمىز ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئىزچىل ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇلارنى ئىزچىل جارى قىلدۇرغىنىدىلا، تۈرلۈك سىناقلاردىن ئۆتۈپ، مۇقىم ۋە توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلاپ قالالايدۇ، خەلق ئارمىيىسىنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئەگەر، دەۋر ئالغا باستى، ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشنى يەنە تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇش زامانغا ماس كەلمەيدۇ، دەپ قارالسا، ھەتتا ئۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇلسا، ئىنتايىن خاتا بولغان بولىدۇ. ھازىر زور بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويۇلدى، قانداق قىلىپ ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش مەسىلىسى تېخىمۇ بەك جىددىي تارىخىي ۋەزىپە بولۇپ تۇرماقتا.

ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن مول، ئۇلارغا ئومۇميۈزلۈك ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ئومۇميۈزلۈك جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مېنىڭچە، يېڭى ۋەزىيەتتە، پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئەرزىيدىغان مۇنداق بىرقانچە مەسىلە بار.

**1. پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ قوماندانلىقىغا مەڭگۈ بويسۇنۇش كېرەك**

ئارمىيىمىز جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرغان ۋە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان قوشۇن، ئىنقىلابىي سىياسىي ۋەزىپىنى ئادا قىلىدىغان قوراللىق گۇرۇھ. پارتىيە مىلتىققا قوماندانلىق قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىنى مەڭگۈ پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇشى ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنىڭ

يادروسى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان بولسا، بىزنىڭ بۇ خەلق ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، قۇرۇلغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى تەس ئىدى. ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار قانداق قىلىپ پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى يېڭىچە خەلق ئارمىيىسىنى قۇرۇش مەسىلىسىدە غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ” سەنۋەندە ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش “تىن تارتىپ ” گۇتيەن يىغىنى “غىچە بولغان جەرياندا، ئارمىيىمىز ئىدىيە جەھەتتە پارتىيە توغرىسىدىكى كۆزقاراشنى تۇرغۇزدى، تەشكىلىي جەھەتتە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى ئورناتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتىدە، تەدرىجىي ھالدا پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىشىغا دائىر پۈتۈن بىر يۈرۈش ئاساسىي تۈزۈملەر شەكىللەندى. بۇ تۈزۈملەر ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت: خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇلۇشى، بارلىق ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشى شەرت، پارتىيىدىن مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىشىغا، ئۆز بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىدىن باشقا پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ئارمىيىدە تەشكىلات قۇرۇشى ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا يول قويۇلمايدۇ؛ ئارمىيىنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى پارتىيىنىڭ پروگراممىسى، لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىگە بويسۇنۇشى ۋە خىزمەت قىلىشى كېرەك، پۈتۈن ئارمىيىدىكى ئوفىتسېر ۋە ئەسكەرلەر ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە ۋە ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېت بىلەن يۈكسەك دەرىجىدە بىردەكلىكنى ساقلىشى كېرەك؛ ئارمىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پارتكومنىڭ بىر تۇتاش بولغان كوللېكتىپ رەھبەرلىكىدىكى باشلىقلار ئىش تەقسىم قىلىشىۋېلىپ مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، قىسىملاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار شۇ پارتكوم تۇرغان قىسىمنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكى ۋە ئىتتىپاقلىقىنىڭ يادروسى، قىسىمدىكى ھەربىي، مەمۇرىي باشلىقلار پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىش تەقسىماتى بويىچە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدۇ، ئۆزى تۇرغان قىسىمغا ئورتاق مەسئۇل بولىدۇ؛ پارتىيە ياچېيكىسى ليەندە تەسىس قىلىنىدۇ؛ تۇەندىن يۇقىرى دەرىجىلىك قىسىملاردا سىياسىي ئورگان ۋە سىياسىي كومىسسار تەسىس قىلىنىدۇ، يىڭ، ليەنلەردە سىياسىي تەربىيىچى ۋە سىياسىي يېتەكچى تەسىس قىلىنىدۇ، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي ئورگان ۋە سىياسىي خىزمەت خادىملىرى ئارمىيىدىكى پارتىيە خىزمىتىنىڭ تەشكىلاتچىسى. بۇ ئاساسىي تۈزۈملەر مىلتىقنىڭ مەڭگۈ پارتىيىنىڭ قولىدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، پارتىيە ۋە ئارمىيە داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرغان ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىشىدىن ئىبارەت تۈپ پرىنسىپ زادىلا ئۆزگەرگىنى يوق. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ” ھەرقانچە يېڭىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ بۇ ئارمىيىمىز مەڭگۈ پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئارمىيە “. يولداش جياڭ زېمىنمۇ مۇنداق دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى: ” پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكى ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ پرىنسىپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس سىياسىي ئۈستۈنلۈكى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، خەلق ئارمىيىسىنىڭ پارتىيىگە سادىق بولۇشتەك

---

ئىزدىنىش ( تاللانما )

ئېسىل ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، ئارمىيىمىزنى مەڭگۈ پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكى ئاستىغا قويۇش لازىم.“ بۇ — خەلق ئارمىيىسىنىڭ خىسلىتىنى ساقلاش، دۆلەتنى ئەبەدىي ئامان قىلىشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئارمىيىمىزنىڭ پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشى ھازىرقى ۋاقىتتا، ئەڭ مۇھىمى، بارلىق ھەرىكەتتە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قەيەرنى كۆرسەتسە، شۇ يەرگە جەڭگە ئاتلىنىدىغانلىقىدا ئىپادىلىنىشى لازىم. بۇ تۈپ پرىنسىپال مەسىلە توغرىسىدا بىز ئىنتايىن سەگەك تونۇشتا ئىكەن بولۇشىمىز ۋە قەتئىي تەۋرەنمەس پوزىتسىيىنى تۇتۇشىمىز كېرەك. بىزنىڭ ئارمىيىمىز پارتىيىنىڭ ئارمىيىسى، دۆلەتنىڭ ئارمىيىسى، خەلقنىڭ ئارمىيىسى، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دۆلەتنىڭ ئارمىيىگە بولغان رەھبەرلىكى بىلەن تامامەن بىردەك.

پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئارقىلىق قىسىملارنى تەربىيىلەشنى بوشاشماي قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش لازىم. ئارمىيىمىز پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشى ۋە قەتئىي ئىجرا قىلىشى، ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق ئەھۋالدا پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشى، مەمۇرىي بۇيرۇق، ھەربىي بۇيرۇقلارنىڭ توسالغۇسىز ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ۋە بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن توغرا يول ئېچىپ بەردى، بۇ ئەينى ۋاقىتتا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە ئارمىيىمىزدىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ۋە تۈپ مەنپەئىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى. يېڭى تارىخىي دەۋردە، پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا، ئەڭ مۇھىمى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن ئارمىيىنى قوراللاندۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە قەتئىي تۇردە ” مۇشۇ يولنى، مۇشۇ تۈزۈمنى ، مۇشۇ سىياسەتلەرنى قوغداپ “، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ قەتئىي قوغدىغۇچىسى ۋە نەمۇنىلىك بىلەن ئىجرا قىلغۇچىسى بولۇش كېرەك. بۇ يىل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ” پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش “ پۈتۈن پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەتتىكى چوڭ ئىش، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئارمىيىمىز خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدىكى چوڭ ئىشنى قوغداشتا، بولۇپمۇ مۇقىملىقنى ساقلاشتا زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. بىز ئۆزىمىزنىڭ يۇكسەك دەرىجىدىكى مۇقىملىقى ۋە مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى بىرلىكى ئارقىلىق دۆلەتنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ ۋە ئىلگىرى سۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدىكى چوڭ ئىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشۇشىمىز لازىم.

پارتىيە ئارمىيىگە مۇتلەق رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك

www.uyghurkitap.com

تەشكىلاتلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى ۋاستە، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشتىكى جەڭگىۋار قورغان. يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. مەشھۇر ” سەنۋەندىكى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش “تا ئۇ بىرىنچى قېتىم ” ياچېيكىلارنى لىيەنلەردە قۇرۇش “نى بېكىتكەنىدى. بۇ قىزىل ئارمىيىنىڭ جاپالىق جەڭلەردىمۇ مەغلۇب بولماسلىقىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب. ئىلگىرى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا، بەزىدە قوشۇن چېچىلىپ كەتسە، بىر-بىرى بىلەن قىلچە تونۇشمايدىغان يولداشلار بىر يەرگە كېلىپ ۋاقىتلىق پارتىيە ياچېيكىسىنى قۇرۇپ، پارتىيە تەشكىلاتىغا تايىنىپ قوشۇننى يىغىپ، ئاممىنى قوزغاپ دۈشمەنگە قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلاتتى. كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. 1930-يىلدىن بۇرۇن قىزىل ئارمىيىدە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سالاھىيىتى ئاشكارا ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا ئامما پارتىيە ئەزالىرىنى قانداق بىلىدۇ؟ جەڭ مەيدانىدا كىم سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغانلىقىغا، كىم ئەڭ ئارقىدا چېكىنگەنلىكىگە قارايتتى. كەڭ ئامما دەل ئاشۇ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن كومپارتىيىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرۈپ، كومپارتىيىنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىپ، كومپارتىيىگە ئەگىشىپ ئىنقىلاب قىلغان. نۆۋەتتە قىسىملارنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئومۇمەن ئاساسى پۇختا، قاتتىق سىناقلارغا ئومۇميۈزلۈك بەرداشلىق بېرەلىگەن ئورۇنلارنىڭ ئەڭ مۇھىم تەجرىبىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇلاردا كۈچلۈك بىر پارتىيە ياچېيكىسى بولغان، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولى ياخشى بولۇپ، ئاممىنى ئۆز ئەتراپىغا ئىتتىپاقلاشتۇرالىغان، شۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ ئارمىيىگە بولغان مۇتلەق رەھبەرلىكىنى پۇختا، ئىشەنچلىك تەشكىلىي ئاساسقا ئىگە قىلغان. ھازىر، يېڭىباشتىن تۈزىتىلگەن «ئارمىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام قۇرۇلۇشى پروگراممىسى» رەئىس جياڭ زېمىنىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ پۈتۈن ئارمىيىگە تارقىتىلدى، ئارمىيىدىكى قىسىملارنىڭ ھەممىسى «پروگرامما»دىكى تەلەپلەر بويىچە ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىنى ھەقىقىي تۈردە قۇدرەتلىك جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

**2. ئارمىيىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە مەقسىتىنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز لازىم**

جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش—ئارمىيىمىزنىڭ ھەرقانداق ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئارمىيىسىدىن پەرقلىنىدىغان تۈپ بەلگىسى. ئارمىيىمىز دۇنياغا كەلگەن كۈندىن باشلاپ، نەنچاڭ قوزغىلىڭىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىدا ” يەر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىش، ئېغىر باج-سېلىقلارنى بىكار قىلىش، ئىشچى-دېھقانلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش “ لازىملىقىنى ئېنىق بەلگىلىگەن. كۈزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى قىلغان قىسىملارنىڭ نامى ” جۇڭگو ئىشچى-دېھقانلار ئىنقىلابىي ئارمىيىسى “ دەپ ئاتالغان. گۇتيەن يىغىنىنىڭ قارارىدا، قىزىل ئارمىيە خەلق ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدىغان، خەلق ئۈچۈن ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت ئورنىتىدىغان پرولېتارىياتلىق ئىدىيىنى تىكلىشى كېرەك، دەپ كۆرسىتىلگەن. پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا

بېرىلگەن سىياسىي دوكلاتتا يولداش ماۋ زېدۇڭ ئارمىيىمىزنىڭ مەقسىتىنى ئېنىق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ” جۇڭگو خەلقى بىلەن يېقىندىن بىللە تۇرۇش، جان-دىل بىلەن جۇڭگو خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مۇشۇ ئارمىيىنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى. “ يولداش جۇ دې «ئازاد رايون ئۇرۇش مەيدانلىرى توغرىسىدا» دېگەن دوكلاتىدا ئارمىيىمىزنىڭ بۇ مەقسىتىنى ” ئۈچ چوڭ خۇسۇسىيەت “كە يىغىنچاقلاپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ” ئۇ مىللىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە، چۈنكى ئۇ باشتىن-ئاخىر چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى مەيداندا تۇرۇپ، ۋەتەننى قوغدايدىغان ئەڭ يۇقىرى قىزغىنلىققا ئىگە بولۇپ كەلدى. ئۇ خەلقچىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە، چۈنكى ئۇ خەلق ئىچىدىن چىققان، ئۇ باشتىن-ئاخىر خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئۇ دېموكراتىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، چۈنكى ئۇ ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ، كوماندىرلار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ بىرلىكىنى يولغا قويۇپ كەلدى؛ مىلىتارىستلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىك سىياسىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان قورال بولۇپ كەلدى. “ پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ بۇ مۇپەسسەل بايانلىرى ئارمىيىمىزنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇ مۇناسىۋەت مەڭگۈ بىزنىڭ ئارمىيە قۇرۇش ئاساسىمىز.

ئارمىيىمىزنىڭ مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك، قاچان، قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، خەلقنىڭ ئازادلىقى ۋە بەختىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىش، ھەممىدە خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەشنى پۈتكۈل ھەرىكىتىنىڭ تۈپ مىزانى قىلىش، ” جان-دىل بىلەن “ ، ” تامامەن “، ” ئۈزۈل-كېسىل “ دېگەنلەرنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ تۈپ ئۆلچىمى قىلىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. ئۇرۇش يىللىرىدا ئارمىيىمىزنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى خەلقنىڭ قەد كۆتۈرۈپ ئازادلىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلىشتىن يانمىغان. ستاتىستىكا قىلىنىشچە، مەملىكەت بويىچە ئىسىم-فامىلىسى تەكشۈرۈپ چىقىلغان، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى غەمخورلۇق ۋە نەپىقە مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان قۇربانلار 3 مىليون 700 مىڭ كىشىدىن ئاشىدىكەن، نامسىز قەھرىمانلار تېخىمۇ كۆپ. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە، ئارمىيىمىز-نىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ تەلىمىنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى باشتىن-ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ كەڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشىگە سازاۋەر بولدى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى، قوراللىق ساقچى قىسىملار ۋە خەلق ئەسكەرلىرى جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئېرىشىپ ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى بىخەتەرلىك جەھەتتىن كۈچلۈك كاپالەتلەندۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇ-رۇش قۇرۇلۇشىنى پائال قوللىشى ۋە ئۇنىڭغا پائال قاتنىشىشى لازىم. ئون نەچچە يىلدىن بېرى، ئارمىيىمىز دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە ئاڭلىق بويسۇندى ۋە خىزمەت قىلدى، بىر

www.uyghurkitap.com

قىسىم ئايرودروم، پىرىستان ۋە مەخسۇس تۆمۈريول لىنىيىلىرىنى جايلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئاجرىتىپ بەردى، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ چىقىرىپ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا ۋە تۈرلۈك ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەردى، ئاپەتتىن جىددىي قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتناشتى، خەلق ئەسكەرلىرىنى ئەمگەك ئارقىلىق ھەربىي خىراجەتنى ھەل قىلىشقا تەشكىللىدى، نامرات رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى، جايلار ئۈچۈن زور تۈركۈم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ماھىرلىرىنى تەربىيىلەپ ۋە يەتكۈزۈپ بەردى، ئارمىيە-خەلق ئورتاق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى ۋە باشقىلار، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئارمىيىمىزنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ جانلىق ئىپادىلىنىشى. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك شەكىل بىلەن ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشىمىز، ھۆكۈمەتنى ھۆرمەتلىشىمىز، خەلقنى ئاسرىشىمىز، ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەتكە قاتتىق رىئايە قىلىپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز، ۋەتەننى قوغداش ۋە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتە يېڭى سەھىپە يارىتىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىكى تارىخىي مۇساپىدە، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدىكى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشكە توغرا مۇئامىلە قىلىش ئارمىيىمىز ئۆز مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇشتا دۇچ كېلىدىغان يېڭى بىر سىناق. ئىسلاھات جۇڭگودا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك. ئىسلاھات ئېلىپ بارمىغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلغىلى ۋە راۋاجلاندۇرغىلى بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىمۇ تۈپ ئاساسىدىن مۇستەھكەملىگىلى بولمايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، ئارمىيىمىز ۋە كەڭ خەلق ئاممىسى بۇنىڭدىن نەپ ئالدى. ئىسلاھات داۋامىدا ئىجتىمائىي مەنپەئەت مۇناسىۋەتلىرى تەڭشىلىدۇ، شۇنداقلا ئىسلاھات ھەربىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە چېتىلىدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى يەڭگۈشلىگەندە، بەزى كادىرلار ۋە جەڭچىلەرنىڭ تۇغقانلىرى سەرخىللاشتۇرۇپ تەشكىللەشتە ئىش ئورنىدىن چۈشۈپ ئىش كۈتۈپ قېلىشى مۇمكىن؛ ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كەسىپ ئۆزگەرتكەن، ھەربىي سەپتىن چېكىنگەن ئەسكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتلەردە بەزى يېڭى ئەھۋاللار كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، ۋە ھاكازالار. بۇ مەسىلىلەر ئالدىدا ئارمىيىمىزنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى شەخسنىڭ پايدا-زىيىنىغا خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتى مەيدانىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئۇرۇش يىللىرىدا، بىز ھەربىر جاينى ئازاد قىلغاندا، يوقسۇل ئاممىنىڭ يەر ئىسلاھاتى ئارقىلىق يەرگە ۋە ئۆيگە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسەك ئىچ-ئىچىمىزدىن خۇشال بولۇپ كېتەتتۇق. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئىسلاھات داۋامىدا مەنپەئەتنى تەڭشەشكە يەنىلا مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ 3 مىليون كوماندىر-جەڭچىمىز 1 مىليارد 100 مىليون

خەلق ئۇچۇن پوست تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلاردا ” غەم-قايغۇدا باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، راھەت-پاراغەتتە باشقىلارنىڭ كەينىدە تۇرىدىغان “ ئالىيجاناب خىسلەت بولۇشى كېرەك.

ئارمىيىمىزنىڭ مەقسىتى خەلققە بولغان چەكسىز سادىقلىق بىلەنلا ئىپادىلىنىپ قالماي، ئىچكى قىسمىدىكى ئوفىتسېرلار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ ياخشى مۇناسىۋىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئارمىيىمىزدىكى ئوفىتسېرلار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ئورتاق غايە، ئېتىقاد ئاساسىغا ئورنىتىلغان يولداشلارچە، سەپداشلارچە مۇناسىۋەت. ئوفىتسېرلار بىلەن ئەسكەرلەر ئاكا-ئۇكىدەك، قان-قېرىنداشتەك ئۆتىدۇ. خەتەرلىك پەيتلەردە، ئۆلۈم تەھدىتىگە ئۇزىنى ئاتاپ، ھاياتلىق ئۈمىدىنى سەپداشلىرىغا قالدۇرىدۇ. بۇنداق سەپداشلارچە ھېسسىيات، يولداشلارچە مېھىر-مۇھەببەت قىسمنى مەھكەم ئۇيۇشتۇرۇپ، دۇشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى غايەت زور كۈچتۇر. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇرۇنلا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئوفىتسېرلار بىلەن ئەسكەرلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلالمىغانلىقنى ئۇسۇل توغرا بولمىغانلىقتىن بولغان دەپ قارايدۇ، مەن ئۇلارغا شۇنى ئېيتىمەنكى، بۇ تۈپ پوزىتسىيە ( ياكى تۈپ مەقسەت ) مەسىلىسى. ئەسكەرلەرگە بولغان پوزىتسىيە توغرا بولۇپ، جەڭچىلەرگە ئاتا-ئانىلارچە قەلب، قېرىنداشلارچە ھېسسىيات، يولداشلارچە مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلسا، ئەسكەرلەرنى ئوبدان يېتەكلىگىلى بولىدۇ، دېگەنىدى. ئارمىيىمىز ئەزەلدىن پولاتتەك ئىنتىزامنى، بارلىق ھەرىكەتتە قوماندىغا بويسۇنۇشنى تەكىتلەپ كەلدى. بۇنداق قاتتىق ئىنتىزام ئاڭلىقلىق ئاساسىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى دېموكراتىيە تۈزۈمى، ھەربىي جەھەتتىكى دېموكراتىيە تۈزۈمى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى دېموكراتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش بىلەن بىردەك. ھازىر ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيدى، شۇڭا ” ئۈچ چوڭ دېموكراتىيە “نى يولغا قويۇش تېخىمۇ مۇھىم. دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېموكراتىك تۇرمۇشنى ساغلاملاشتۇرغاندا، ئاممىۋى پىكىر يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ئەسكەرلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يېڭى دەۋردە ئاساسىي قاتلاملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە.

جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مەسىلىسى. شۇڭا ھەر ۋاقىت، ھەر ئىشتا خەلق ئاممىسىنى ئويلاشقا، خەلقنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. يېقىندا مەن شۇخەي رايونىدا ئۇرۇشلۇق قىسمىغا تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشقا باردىم. بۇ يەر ئىلگىرى خۇەيخەي ئۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق جەڭ مەيدانى ئىدى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرمۇنچە مۇنەۋۋەر ئوغۇل-قىزلىرى مۇشۇ يەردە قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، ئۇلار يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلغانلىقىنى كۆرەلمىدى. مەن شۇ يەردە ئۇرۇش قىلغان بىر پېشقەدەم جەڭچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن قۇربانلارنىڭ قەبرىسىگە ئېھتىرام بىلدۈردۈم، قەبرە تېشىدىكى ئىسىملارنىڭ بەزىلىرىنى تونۇدۇم، بەزىلىرىنى تونۇمىدىم، يەنە تېخى مەن ناھايىتى ئوبدان بىلىدىغان قۇربانلارنىڭ ئىسمىنى تاپالمىدىم، كۆڭلۈم ئۆزاققىچە بىئارام بولدى. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى 20 نەچچە مىليون قۇربانىنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن ئەمەسمۇ! ئەگەر ھەق ئېلىشقا

www.uyghurkitap.com

كېلىدىغان بولساق، ئۇلار نېمىگە ئېرىشەلىدى؟ نۇرغۇن يولداشلار ھەتتا ئىسمىنىمۇ قالدۇرۇپ قويمىغان. بىزدەك ساق قالغانلارنى قۇربان بولۇپ كەتكەن قەھرىمانلارغا سېلىشتۇرغاندا قۇربان قىلالمىغۇدەك يەنە قانداق شەخسىي مەنپەئىتىمىز بولسۇن، ئۆز پايدىمىز بىلەن ھېسابلىشىدىغان نېمە ھەققىمىز بار؟ ئىنقىلابنىڭ ئىزباسارلىرى بولغان پۈتۈن ئارمىيىدىكى كادىرلار ۋە جەڭچىلەر ئەجدادلارنىڭ خالىسانە تۆھپە قوشۇشتەك ئىنقىلابىي روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقنىڭ باي-باياشادلىقى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللەپ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئاكتىپلىق ھالدا تىنىماي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن قۇربان بولۇپ كەتكەن قەھرىمانلارغا يۈز كېلەلەيمىز، خەلققە يۈز كېلەلەيمىز، بىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئارمىيىمىزگە مۇناسىپ ئىش قىلغان بولىمىز!

**3. جاپالىق كۈرەش قىلىپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدىكى ئاشۇنداق غەيرەتنى داۋاملىق ساقلاش كېرەك**

جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئارمىيىمىزنىڭ سىياسىي خىسلىتى. ئۇ مەركەزلىك ھالدا جاپا-مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان قەيسەر ئىرادىدە، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدىغان ئېلىشىش روھىدا، قۇربان بولۇشتىن قورقمايدىغان قەھرىمانلىق جاسارىتىدە، خەلق ئاممىسى بىلەن ھالاۋەتتىمۇ، جاپادىمۇ بىللە بولىدىغان يۈكسەك پەزىلەتتە گەۋدىلىنىدۇ. بىزنىڭ بۇ ئارمىيىمىز مىڭبىر جاپا-مۇشەققەتتە كۈرەش قىلىپ مەيدانغا چىققان ئارمىيە. جىڭگاڭشەندە كۈرەش قىلغان دەۋردە، ئۆزىمىزدىن نەچچە ھەسسە كۆپ بولغان دۈشمەنلەرنىڭ " جازا يۈرۈشى "گە، " بىرلەشمە جازا يۈرۈشى "گە دۇچ كەلگەن ئەھۋالدا، يولداش ماۋ زېدۇڭ تۆت تەۋەنگىمۇ يەتمەيدىغان ئەسكىرىي كۈچنى باشلاپ، دۈشمەن بىلەن ئېتىشقانىدى، قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى زىمىستان قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق ئايلىرىدا پەقەت ئىككى قات يالاڭ كىيىم بىلەن ئۇرۇشقا چىققانىدى، ھەربىر ئادەمنىڭ ھەربىر كۈنلۈكى ئاران 5 فۇڭ ئىدى، ھېچ يەردىن ئاشلىق سېتىۋالالمىغاچقا، دائىم ياۋا بامبۇك نوتىسى، ياۋا ياڭيۇ قېزىپ، كاۋا شورپىسى قاينىتىپ قورساق تويغۇزاتتى. " كاۋا شورپىسى بىلەن قۇرۇق تاماق، پىدىگەن سەي بىلەن چاچاتتى خۇش پۇراق، جەڭچىلەر مەززە قىلىپ يېگەندە، ئېشىپ قالمايتتى بىر تاۋاق "، ماۋۇ قوشاق شۇنداق جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئەينەن تەسۋىرى ئىدى. ئۇزۇن سەپەردە، يولداشلىرىمىز يالاڭ كىيىم، چىغ كەشلەرنى كىيىپ، بەزىلىرى يالاڭئاياغ يول يۈرۈپ، بىر-بىرىنى قولتۇقلاشقان ھالدا كىسلورود ئىنتايىن شالاڭ بولغان جىياجىنشەن تېغىدىن يامىشىپ ئۆتكەنىدى. سازلىقتىن ئۆتۈش ۋاقتىدا، يالىڭاچ ئارپا تۈگەپ كەتسە، ياۋا كۆكتات، ئوت-چۆپ يىلتىزلىرىنى يېگەنىدى، ھەتتا تاسما بەلباغلىرىنى پىشۇرۇپ يېگەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقاچان پاتقاققا پېتىپ قېلىش خەۋپىگە ئۇچراپ تۇراتتى. ئاشۇنداق ئادەتتىن تاشقىرى خەۋپلىك شارائىتتا، ھەممەيلەن گۈزەل ئىستىقبالغا تەلپۈنۈپ، تەبەسسۇم بىلەن: بۇ كۆز يەتكۈسىز سازلىق كەلگۈسىدە ماشىنىلاشقان سوتسىيالىستىك دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق مەيدانى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا لايىق كېلىدىكەن! دەيتتى. ئەپسۇسكى، بىرمۇنچە سەپداشلار سازلىقتا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىپ بۇنداق مەنزىرىنى كۆرەلمىدى. بۇنداق ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھى، ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىق روھى مەڭگۈ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ

---

ئىزدىنىش ( تاللانما )

خەلقنىڭ بەخت-سائادەتلىك ئۇلۇغۋار ئىشلىرىغا يول ئېچىش ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەت تارتىۋاتقانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، جاپا-مۇشەققەتنى شەرەپ، جاپا-مۇشەققەتنى شادلىق دەپ بىلگەنىدى. ئارمىيىمىز مانا مۇشۇنداق روھقا تايىنىپ، چەت-خىلۋەت، ئارقىدا قالغان تاغ جىلغىلىرىدىن چىقىپ، جاپا-مۇشەققەتلىك ئۇزۇن سەپەرنى بېسىپ، قاقاس-ئۇنۇمسىز شىمالىي شەنشى ئېگىزلىكىدە تەرەققىي قىلىپ، يېڭى بىر دۇنيانى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئارمىيىمىزنىڭ كىچىكلىكتىن زورايغان، ئاجىزلىقتىن كۈچەيگەن تارىخى جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلغان شانلىق تارىختۇر.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى يەنىلا جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. هازىر، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلدى، ماددىي شارائىتى ياخشىلاندى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنىڭ دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى دەپ قاراشقا هەرگىز بولمايدۇ. دۆلىتىمىز تېخى باي ئەمەس، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ نەچچە ئەۋلادقىچە جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. كېلەركى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىگە بارغاندا، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئۈچىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشان ئەمەلگە ئاشقان تەقدىردىمۇ، يەنىلا جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، ۋەتىنىمىزنى تېخىمۇ گۈللەنگەن، باي، قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرالايمىز. جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھى ئارمىيىمىزنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى شەكىللەندۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇهىم ئامىل. يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدىكى هازىرقى زامان ئۇرۇشى قوماندىر-جەڭچىلەرگە قەيسەرلىك، جاسارەت ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش روھى قاتارلىق جەھەتلەردىن تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويماقتا؛ مەيلى قورال-جابدۇق قانچە ئىلغار بولسۇن، ئەگەر ئۇ جاپا-مۇشەققەت، هېرىش-چارچاشتىن قورقىدىغان، جېنىنى ئاياپ ئۆلۈمدىن قورقىدىغان كىشىلەرنىڭ قولىدا تۇرىدىغان بولسا، رولىنى ئانچە جارى قىلدۇرالمايدۇ. شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، يېڭى دەۋردە ئارمىيىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلار ناهايىتى كۆپ، ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقلار ئاز ئەمەس. بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەشەببۇس قىلغان " بەش تۆرلۈك ئىنقىلابىي روھ "نى، يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان " 64 خەتلىك ئىگىلىك يارىتىش روھى "نى چوقۇم زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇشىمىز، " ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش دەۋرىدىكى ئاشۇنداق غەيرەتنى، ئاشۇنداق ئىنقىلابىي قىزغىنلىقنى، ئاشۇنداق جان پىدالىق روھنى ساقلاپ "، تىرىشچان-ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئارمىيە قۇرۇپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت جەريانىدا داۋاملىق نەتىجە يارىتىپ، يېڭى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكنىڭ تەسىرىگە ئاڭلىق قارشى تۇرۇش لازىم. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆزقارىشىنىڭ يېڭىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ، لېكىن بۇرژۇئازىيىنىڭ

ئىدېئولوگىيىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان چىرىك ئىدىيىلەرمۇ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ كىرمەكتە. ئارمىيە ۋاكۇئۇم بوشلۇقتا ياشىمايدۇ، بەزى يامان كەيپىيات ۋە چىرىك نەرسىلەرمۇ ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ھەربىي لاگېر ئىچىگە سىڭىپ كىرىدۇ. بىز بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. تارىختىن قارىغاندىمۇ، ئارمىيىمىزنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسى تۈرلۈك غەيرىي پرولېتارىيات ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىگە ئۈزلۈكسىز قارشى تۇرۇش جەريانىدا پەيدىنپەي شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئارمىيىمىز خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندى، بەزى يولداشلار گومىنداڭنىڭ بەرگەن مەنسىپىنى ئېلىش بىلەن شەرەپ ھېس قىلىپ، جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كۆچۈرۈشنى خالىمىغانىدى، يولداش ماۋزېدۇڭ بۇ خىل ئىدىيىۋى خاھىشلارنى كەسكىن تەنقىد قىلغانىدى. پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىن، يولداش ماۋ زېدۇڭ كۆپ قېتىم پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرگە گو موروڭنىڭ «جياشېن 300 يىللىقىنى خاتىرىلەش» دېگەن كىتابىنى تونۇشتۇرۇپ، بىزنىڭ بېيجىڭغا كىرگەن لى زىچېڭغا ئوخشاش شەھەرگە كىرىش بىلەنلا ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىمىزنى قايتا-قايتا تەكىتلىگەنىدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئىنقىلاب غەلىبە قىلىش ھارپىسىدا، يولداش ماۋ زېدۇڭ 7-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا پۈتۈن پارتىيىمىزگە كەمتەر بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇش، مەغرۇرلانماسلىق، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق ئىستىلىنى جەزمەن داۋاملىق ساقلاش كېرەك، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى جەزمەن داۋاملىق ساقلاش كېرەك، شېكەر يالىتىلغان ئوقنىڭ زەربىسى بىلەن مەغلۇپ بولۇشتىن ھوشيار بولۇش كېرەك، دەپ جىددىي ئاگاھلاندۇرغانىدى. بۈگۈنكى ۋەزىيەت شۇ دەۋردىكى ۋەزىيەت بىلەن سېلىشتۇرۇلغاندا تولىمۇ ئوخشاشمايدۇ، لېكىن يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ تەلىمى يەنىلا ئىنتايىن مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋە يولداش جياڭ زېمىن بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ چىرىتىشىدىن ئالاھىدە ھوشيار بولۇش لازىم دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى، بۇ، ئارمىيىمىزنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قېلىش-قالالماسلىقىقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. بىز چوقۇم بۇ قاتتىق سىناققا بەرداشلىق بېرىپ، چىرىتىشكە مەڭگۈ تاقابىل تۇرۇپ، ئارمىيىمىزنىڭ سىياسىي خىسلىتىنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك.

جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت شانلىق ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ھالقا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ياخشى ئۈلگە كۆرسىتىشى تۆۋەندىكىلەر ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز بۇيرۇق بولۇپ، بىر خىل ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇلارنى يېتەكلەيدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشنى كادىر تاللاشنىڭ، بولۇپمۇ ئالىي دەرىجىلىك كادىرلارنى تاللاشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى. نۆۋەتتە پاكلىق قۇرۇلۇشى بىر گەۋدىلىك مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپ يىل پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، كۆپ يىل ئىنقىلابقا قاتناشقان بەزى كىشىلەر يىقىلىپ چۈشتى، ئۇلارنىڭ ئاچچىق ساۋىقى بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، ئىدىيىنىڭ

---

ئىزدىنىش ( تاللانما )

چۈشكۈنلىشىشى، ئىرادىنىڭ ئاجىزلىشىشى كۆپىنچە تۇرمۇشتا راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ كېتىشتىن باشلىنىدۇ. جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش روھى چېرىكلىكتىن ساقلىنىشتا ھەقىقەتەن بىر خىل ئۈنۈملۈك دورا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۈتۈن ئارمىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ «ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇش، پاك-دىيانەتلىك بولۇشنىڭ ئۈلگىلىرى بولۇشى لازىم.

**4. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلىنى تۇرغۇزۇپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلەشىشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك**

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش—پرولېتارىيات دۇنياقارىشىنىڭ ئاساسى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدىن بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇقكى، جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىدىكى بارلىق غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ يېتەكچىلىكىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن. يولداش ماۋ زېدۇڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، يېزا ئارقىلىق شەھەرنى قورشاش، قوراللىق كۈچ بىلەن ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىنى ئېچىپ، جۇڭگو خەلقىغە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئاچتى، 15 يىلدىن بۇيان ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەن پارتىيىمىزنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىدىكى ھاياتلىق مەنبەسىدۇر.

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ھەم پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى، ھەم پارتىيىمىز، ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئىستىلىدۇر. ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئەزەلدىنلا ھەممىدە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشنى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن. پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا، يولداش ماۋ زېدۇڭ راست گەپ قىلىش، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ياسانماسلىق، لاپ ئۇرماسلىق كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئوغرىلىق قىلماسلىق دېگىنى باشقىلارنىڭ ماقالىسىنى كۆچۈرۈپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالماسلىق دېگەنلىكتۇر؛ ياسانماسلىق دېگىنى بىلگەننى بىلدىم، بىلمىگەننى بىلمىدىم دېيىش كېرەك دېگەنلىكتۇر؛ لاپ ئۇرماسلىق دېگىنى ئەھۋالنى ئەينەن ئىنكاس قىلىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە " سەمىمىي گەپ قىلىش، سەمىمىي ئىش قىلىش، سەمىمىي ئادەم بولۇش " لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلغان. ئېسىمدە قېلىشىچە، 1944-يىلىنىڭ ئالدى-كەينىدە، بەزى قىسىملاردا شوئار كۆپ بولۇش، تەقدىرلەش كۆپ بولۇش، يىغىن كۆپ بولۇش، يۇقىرى كۆرسەتكۈچ كۆپ بولۇش، ئورگان خادىمى كۆپ بولۇشتەك " بەش كۆپ بولۇش "ئەھۋالى ساقلانغان. 1944-يىل 4-ئايدا چاقىرىلغان غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنىدا، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، شەكىلۋازلىقنى تۈگىتىش قاتارلىق مەسىلىلەر مەخسۇس ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قىسىملارنىڭ كۈرەش قەھرىمانلىرى، ئەمگەك

www.uyghurkitap.com

نەمۇنىچىلىرى ۋە ئۈلگىلىك خىزمەتچىلەرنىڭ ” قۇرۇق شوئار توۋلىماسلىق “ ، ”شەكىلۋازلىق قىلماسلىق“-تەك خىزمەت ئۇسلۇبى ۋە خىزمەت پوزىتسىيىسىنى ئۆگىنىشى، ئاڭلىق ھالدا شەكىلۋازلىقنى تۈگىتىپ، قىسىملارنىڭ خىزمىتىنى پۇختا ھالدا ياخشى ئىشلىشى تەلەپ قىلىنغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى، ئۇ شەكىلۋازلىققا ياتىدىغان ھەر خىل يامان ئىستىللارنى قاتتىق ئۆچ كۆرۈپ، كۆپ قېتىم رەھىمسىزلەرچە قامچىلىغان. ئۇ تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ” رەھبەرلىك قىلغۇچى كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىشى كېرەك. يولىيورۇق چۈشۈرۈش، گەپ سېتىش بىلەنلا جان باقىدىغان ئۇنداق يامان ئىستىلنى چوقۇم ئۆزگەرتىشى كېرەك. “ ” ئىشنى يۈزە قىلىپ، ئەمەلىي نەتىجە، ئەمەلىي ئۈنۈم، ئەمەلىي سۈرئەت، ئەمەلىي سۈپەت، ئەمەلىي تەننەرخ بىلەن ھېسابلاشمايدىغان شەكىلۋازلىقنى چوقۇم توسۇش كېرەك. قۇرۇق گەپ، لاپ گەپ، يالغان گەپ قىلىدىغان يامان ئادەتلەرنى چوقۇم تۈگىتىش كېرەك. “ نۆۋەتتە، ئارمىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئىنتايىن مۈشكۈل، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىلمىي پوزىتسىيىنى تۇرغۇزۇپ، راستچىل-ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى تولۇق ئورۇندىغىلى بولىدۇ.

يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلىنى تەشەببۇس قىلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. پۈتۈن ئارمىيىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئورۇنلار ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى يولداشلار بۇ جەھەتتە ياخشى بولۇپ كەلدى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، شەكىلۋازلىق قىلىدىغان، ياخشى ئىشنى مەلۇم قىلىپ، يامان ئىشنى مەلۇم قىلمايدىغان، نام چىقىرىشقىلا بېرىلىدىغان ناچار ئىستىللار ناھايىتى جاھىل بولۇپ، پۇرسەت تاپسىلا باش كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. بەزى يولداشلار خىزمەتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەي، تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق، نەتىجىنى سۆزلەڭ دېسە ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتىدۇ، مەسىلىلەرگە كەلسە چاپان يېپىدۇ، تەقدىرلەنسە خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، تەنقىدلەنسە خاپا بولىدۇ، ۋەھاكازا. بۇ خىل ئىستىل ئاز ساندىكى ئورۇن ۋە ئاز ساندىكى يولداشلاردا مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، لېكىن يېتەرلىك ھالدا دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك. ئارمىيە جەڭ قىلىدۇ. ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرۈپ چىققانلارنىڭ ھەممىسى شەكىلۋازلىق قىلىش، ساختىپەزلىك قىلىشتەك ناچار ئىستىلنىڭ زىيىنىنى ئوبدان بىلىدۇ. جەڭ مەيدانىدا يالغان گەپ قىلىپ، يۇقىرىنىڭ خاتا ھۆكۈم چىقىرىشىنى كەلتۈرۈپ قويسا، جەڭدە يېڭىلىدۇ، كاللا يەرگە چۈشىدۇ! شەكىلۋازلىق قىلىش ھەرگىز خىزمەت ئۇسۇلى مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى پارتىيىۋىلىكنىڭ ساپ بولمىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ھەر دەرىجىلىك ئورۇن ۋە كادىرلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، رەھبىرىي كادىرلار-نىڭ پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشىنى كۈچەيتىپ، ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئىستىلىنى ئاڭلىق ھالدا جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. رەھبىرىي ئورگان بىلەن رەھبىرىي كادىرلار چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بىر ئورۇننىڭ خىزمىتىگە توغرا باھا بېرىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كادىرلارنى پەرق ئېتىشكە

ماھىر بولۇپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەيدىغان، كەسپىدە نەتىجە ياراتقان يولداشلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشى، ” ياخشى ئىشنى مەلۇم قىلسا ياخشى ئىشقا ئېرىشىدىغان، يامان ئىشنى مەلۇم قىلسا يامان ئىشقا ئېرىشىدىغان “ ئىشنى قىلماسلىقى، ئىدىيىۋى ئېڭى ساغلام بولمىغان كىشىلەرنىڭ يوچۇقتىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىۋېلىشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. بۇ نۇقتا كەيپىياتنى توغرىلاشقا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم.

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلىگە ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتا، ئاساسلىقى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىغا قارىلىدۇ. رەئىس جياڭ زېمىن يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ھەققىدە: ”سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك بولۇش، ھەربىي جەھەتتە قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش، ئىستىل جەھەتتە ئەلا بولۇش، ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇش، كاپالەت جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش“تىن ئىبارەت ئومۇمىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ بەش جۈملە سۆزدە ئارمىيىنىڭ ھەر تەرەپلىمە خىزمەتلىرى يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان، مۇشۇ تەلەپ بويىچە ئىش كۆرىدىغانلا بولساق، ئارمىيىمىزنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچىيىدۇ. باش شتابتىن ليەندۈيگىچە، قايسى دەرىجىلىك بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ھەر بىر قەدەمنى پۇختا باسقان ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش كېرەك. رەھبىرىي ئورگان ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى ئېلىپ ئېيتقاندا، تۈرگە بۆلۈپ، قاتلام بويىچە يېتەكلەشنى يولغا قويۇش كېرەك. مەسىلەن ھەربىي جەھەتتە قاتتىق تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش دېگەن تەلەپنى ئېيتساق، كادىرلارغا نىسبەتەن ئۇرۇش قىلىشتىكى تاكتىكا ئىدىيىسىنىڭ سەۋىيىسى يۇقىرى بولۇشنى، تەشكىللەش، قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. جەڭچىلەرگە نىسبەتەن كەسپىي تېخنىكا جەھەتتە پىششىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئوخشاشلا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسىدە، ئارقا سەپ تەمىناتى كاپالىتى، قورال-ياراغ كاپالىتى، تېخنىكا كاپالىتى قاتارلىقلار بولىدۇ. تۈرى ئوخشىمىغان قىسىملارنىڭ تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، پىيادە قىسىملارنىڭ يەيدىغان ئاشلىقى ۋاقتىنچە ئۈزۈلۈپ قالسىمۇ يول ماڭالايدۇ، تانكىنىڭ ” ئىچىدىغان “مېيى بولمىسا بىر قەدەممۇ ماڭالمايدۇ. باش شتاب، ھەربىي رايون، ئارمىيە تۈرى، قىسىم تۈرى، شۇنىڭدەك جۈن، شى، تۇەنلەر ئوخشاش بولمىغان قاتلامدا تۇرغاچقا، خىزمەت ئۇسۇلىدىمۇ پەرق بولۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگان ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئۆز ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە رەھبەرلىك ئىستىلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، خىزمەتلەرنى پۇختا، ئۈنۈملۈك ھالدا قانات يايدۇرۇشى كېرەك. ئاساسىي قاتلام—ئارمىيىنىڭ ئاساسى. تۈرلۈك خىزمەتلەر ئاساسىي قاتلامدا ئەمەلىيلىشىدۇ، رەھبىرىي ئورگانلار ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشى، بولۇپمۇ ” توغان دەرۋازىسىنى يېپىپ ئېقىننى بۆلۈۋېتىش “ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىنى ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك. ئەگەر تەرەپ-تەرەپتىن ۋەزىپە چۈشۈرۈلۈپ، خىزمەت مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلمىسا، ياكى ۋەزىپىلا چۈشۈرۈلۈپ شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىلمىسە، نەتىجىدە يۇقىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقى قانچە يۇقىرى بولسا، تۆۋەندىكىلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە شۇنچە ئامالسىز قالىدىغان ئەھۋال

www.uyghurkitap.com

مۇقەررەر كېلىپ چىقىدۇ، بۇ تۆۋەندىكىلەرنى ئىشنى يۈزە قىلىشقا، شەكىللۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرلاش بىلەن باراۋەر. ئاساسىي قاتلام ئورۇنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، خىزمەتنى تۇتۇشتا يېتەكچى ئىدىيىسى چوقۇم توغرا بولۇشى، دىققەت-ئېتىبارىنى جەڭگىۋارلىق كۈچىنى ئاشۇرۇشقا قويۇپ، باش چۆكۈرۈپ ئاساس تۇرغۇزۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى، قۇرۇق نامغا بېرىلمەسلىكى، نەتىجە يارىتىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكى لازىم. كۈچلۈك ئىشچانلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىققا ئىگە بولۇپ، خىزمەتتە يۇقىرى ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇشى، ھەرقانداق ۋاقىتتا تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلەيدىغان بولۇشى لازىم. يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممەيلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىستىلى بويىچە ئىش قىلىپ، خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل، پۇختا ئىشلەيدىغانلا بولسا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى چوقۇم ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، پۈتۈن ئارمىيە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئارمىيىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتىنى پائال تۈردە ئىلگىرى سۈرۈپ، ئارمىيىمىزنى زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان قۇدرەتلىك ئىنقىلابىي ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا. بۇ ئۇلۇغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى تارىخىي مۇساپىدە قىزىل ئارمىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى باشتىن-ئاخىر بىزنىڭ ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ مۇھىم كاپالىتى ۋە كۈچ مەنبەسى بولۇپ كەلمەكتە. شۇڭا، ئارمىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم. ۋارىسلىق قىلىش دېگىنىمىز راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساس قىلغان ۋارىسلىق قىلىشتۇر، راۋاجلاندۇرۇش دېگىنىمىز ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىكى راۋاجلاندۇرۇشتۇر. ھەرقايسى ئىنستىتۇت-مەكتەپ ۋە قىسىملار ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى زۆرۈر دەرسلىك قىلىپ، تەربىيىنى كۈچەيتىپ، بوشاشماي تۇتۇشى كېرەك. ئارمىيىمىزنىڭ قانداق ئېسىل ئەنئەنىسى بارلىقىنى بىلىۋېلىش كېرەك، ھەر بىر شى، ھەر بىر تۇەن، ھەر بىر لىيەننىڭ شەرەپلىك تارىخى بار، ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن رەتلەپ، خۇلاسىلاپ، داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. مۇشۇ ئاساستا، ئەنئەنىنى رېئاللىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن ئۇنىڭغا ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ، ئەنئەنىنى باشتىن-ئاخىر مول ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىش كېرەك. قىزىل ئارمىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشتا، كادىرلارنى ياخشى تاللاش ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلىدۇر. تاللانغان كادىر پارتىيىنىڭ سۆزىنى ئاڭلايدىغان، ئىقتىدارى بار بولۇپلا قالماستىن، كوممۇنىستلارغا ۋە قىزىل ئارمىيىگە خاس ياخشى ئىستىلغىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. كادىرلاردا ياخشى ئىستىل بولمىسا، باشقۇرغان قىسمىمۇ ياخشى قىسىم بولالمايدۇ، ياخشى ئەنئەنىلىرىمىزمۇ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇشتا، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ مۇھىم تارىخىي مەسئۇلىيىتى بار. يولداش دېڭ شياۋپىڭ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ئارمىيىمىزنىڭ " بىرقانچە ئون يىللىق ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى جارى قىلدۇرۇش، ئاساسلىقى ، بىزگە ئوخشاش

پىشقەدەم يولداشلارنىڭ ئۆگىتىشىگە، ياردەم بېرىشىگە ۋە يېتەكلىشىگە باغلىق. " " بىز ئارمىيىمىزگە ياخشى يېتەكچىلىك قىلساق، پارتىيىمىزنىڭ بىر يۈرۈش ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ياخشى ساقلىيالايمىز، ئارمىيىمىزمۇ ئىنتايىن ئىتتىپاق، ئىنتايىن جەڭگىۋارلىق كۈچكە ئىگە بولالايدۇ. " بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، مەسئۇلىيىتىمىزنى ئوبدان ئادا قىلىپ، ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلغان ۋە يېتىلدۈرگەن قىزىل ئارمىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز جارى قىلدۇرۇشىمىز ۋە نۇرلاندۇرۇشىمىز لازىم.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئايشەم تاۋار
ئەركىنجان
ئەخمەتجان ھوشۇر
تۇرسۇن رەھىم
تەلئەت ئىبراھىم

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئەركىنجان
ئايشەم تاۋار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئورمان بىنا قىلىپ كەڭ زېمىنىمىزنى كۆكەرتەيلى، ھەممە يەردە ھاۋانى ساپ، سۇنى سۈزۈك قىلايلى

## ـــ 21ـ ئەسىردىكى جۇڭگو مۇھىتى ۋە تەرەققىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز

( 1994ـ يىل 5ـ ئاينىڭ 19ـ كۈنى )

**سۇڭ جيەن**

مەن گوۋۇيۈەن نامىدىن 21ـ ئەسىردىكى جۇڭگو مۇھىتى ۋە تەرەققىياتى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى تەبرىكلەيمەن، مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىشىنى تىلەيمەن.

لى جېڭداۋ ئەپەندى ۋە ئاكادېمىيە باشلىقى جۇ گۇاڭجاۋنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن، مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مۇھىتى مەسىلىسى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلىقىمنى شەرەپ دەپ ھېسابلايمەن.

جۇڭگو جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. جۇڭگو خەلقى ئۆتكەن 15 يىلدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەردىن خۇشال بولماقتا، دۇنيامۇ جۇڭگوغا نەزىرىنى تىكمەكتە، جۇڭگو ئىگىلىكىنى ئۈچ قەدەمگە بۆلۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى بويىچە بولغاندا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو ئوتتۇراھال سەۋىيىگە يېتىدۇ، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا بارغاندا ئوتتۇراھال تەرەققىيات سەۋىيىسىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە باشلايدۇ. شۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۆتكەن 15 يىلدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تەرەققىيات ئۇزۇن بىر تىياتىرنىڭ مۇقەددىمىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى، سانائەتلىشىش دەرىجىسىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، زامانىۋى سانائەت سىستېمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ تېخىمۇ زور دەرىجىدە ياخشىلىنىشى بۇندىن كېيىن كۆز ئالدىمىزدا بىر-بىرلەپ نامايان بولىدۇ، دېمەك، تىياتىرنىڭ يۇقىرى دولقۇنى تېخى كەينىدە. جۇڭگونى قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ چىقىش، خەلقنى بىر قەدەر باياشات، بىر قەدەر يارىشىغىدا تۇرمۇش كەچۈرىدىغان قىلىش ئۈچۈن، بۇندىن كېيىنكى بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ يېرىم ئەسىر تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ. جۇڭگودا زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا

ئىزدىنىش ( تاللانما )

ئاشۇرۇشتا ۋەزىپە ئېغىر، مەنزىل يىراق، يەنە خېلىلا ئۇزاق يول مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇندىن كېيىنكى چوڭ تەرەققىيات داۋامىدا بىزدە قىيىنچىلىق بولمايدۇ، ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلالمايمىز. بىز مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ۋە يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ۋە سەۋەنلىكلەرنى ئازايتىش ئۈچۈن، جۇڭگو چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى كۆرۈشتە ئىلىم-پەننىڭ قوللىشى ۋە قاتنىشىشىغا، ئىلمىي بولغان دېموكراتىك ئىش تەرتىپىنىڭ بولۇشىغا موھتاج. جۇڭگونىڭ چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى كۆرۈشىدە ئىلمىي ۋە دېموكراتىك ئىش تەرتىپى ۋە تۈزۈمىنى ئورنىتىش-نىڭ ئالاھىدە زۆرۈر بولۇشىدىكى سەۋەب مانا مۇشۇ. ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئاۋازىنىڭ بولماسلىقى ناھايىتى خەتەرلىك ئىش! بۇ، مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممە كىشىنىڭ ئورتاق تونۇشى بولۇپ قالدى. 80-يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو ئىلىم-پەن خادىملىرى بۇ جەھەتتە ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە سازاۋەر بولدى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، تەدبىر كۆرۈش توغرىسىدىكى بۇنداق ئىلمىي بولغان دېموكراتىك ئىش تەرتىپى ۋە تۈزۈمى تەدرىجىي ئورنىتىلىپ بولدى، ئۇ مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، لى جېڭداۋ ئەپەندىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئېچىلغان بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار. بىز بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ جۇڭگونىڭ مۇھىت ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ستراتېگىيىلىك مەسىلىنى چۈشىنىش ۋە ھەل قىلىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر بىردەك مۇنداق دەپ قاراۋاتىدۇ: جۇڭگونىڭ بۇندىن كېيىنكى تەرەققىياتىدا يولۇقىدىغان ئەڭ ئاساسلىق قىيىنچىلىقى قانداق قىلىپ نوپۇس، بايلىق مەنبەسى ۋە مۇھىتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان ھەل قىلىشتىن ئىبارەت.

**بىرىنچى مەسىلە —— نوپۇس مەسىلىسى.** 1993-يىلى جۇڭگونىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليارد 185 مىليونغا يەتكەن بولۇپ، 1992-يىلىدىكىدىن 13 مىليون 460 مىڭ ئادەم كۆپەيدى. خۇشاللىنىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئاياللارنىڭ ئومۇمىي بالا تۇغۇش نىسبىتى (TFR) يەنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر جۈپ ئەر-ئايالنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ سانى يىلمۇيىل ئازىيىپ، قوش تەرەپلىمە كىرىتىك قىممەتكە —— 2.1گە يېقىنلىشىپ بارماقتا. ھازىرقى نوپۇس سىياستى بويىچە ئىش قىلغاندا، TFR تېزلىكتىلا كىرىتىك قىممەتتىن تۆۋەن چۈشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن نوپۇس تەرەققىياتىنىڭ سەۋەب كۈچى تەڭلىمىسىنىڭ ئۆلچەملىك مودېلىدىكى بىرىنچى خۇسۇسىيەتلىك سانى مەنپىي سانغا ئايلىنىپ قالىدۇ-دە، نوپۇس دىنامىكا سىستېمىسى مۇقىملىشىدۇ؛ خالايدىغان بولساق، نوپۇسنىڭ ئومۇمىي سانىنى پەيدىنپەي ئازايتىشمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولسىمۇ، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى يەنە 40 يىللاردىن كېيىن ئاندىن توختايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىمال ئازىيىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن —— بۇ، كەلگۈسىدىكى خەلق ۋە رەھبەرلەرنىڭ قانداق ھۆكۈم ۋە قارار چىقىرىشىغا باغلىق. قىسقىسى، TFR كىرىتىك قىممەتتىن تۆۋەن چۈشسىلا، جۇڭگونىڭ نوپۇس مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىشىمىز تۈپ كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتكىلىمۇ بولىدۇ. ھازىرقى تەرەققىيات

يۈزلىنىشكە ئاساسەن مۆلچەرلىگەندە، كېلەر ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىغا بارغاندا، جۇڭگونىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليارد 600 مىليون ئۆپچۆرىسىدە توختايدۇ-دە، قايتا كۆپەيمەيدۇ.

ھازىردىن باشلاپ، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇلغان بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپىنىڭ بىرى قانداق قىلىپ 9 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق زېمىنغا 1 مىليارد 600 مىليون ئاھالىنى سىغدۇرۇشنىڭ ئامالىنى تېپىشقا ياردەم قىلىشتىن ئىبارەت.

كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ كۆلىمى تۆۋەنلەپ بىر موغىمۇ يەتمىگەن ئەھۋالدا ( دۇنيا بويىچە كىشى بېشىغا 3.8 مو توغرا كېلىدۇ ! ) ئاشلىق مەھسۇلاتىنى 50% ئاشۇرغاندا ئاندىن ھازىرقىدەك كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 400 كىلوگرام توغرا كېلىدىغان خېلى تۆۋەن تەمىنلەش سەۋىيىسىنى ساقلاشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

چوشقا، كالا، قوي گۆشىنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى ھازىرقى 31 مىليون توننىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەندە، ئاندىن ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىگە يەتكىلى بولىدۇ.

دادۇر، شېكەر، مايلىق دانلارنىڭ مەھسۇلاتىمۇ بىر ھەسسىدىن ئارتۇق ئېشىشى كېرەك.

سۇ مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەشنى كۆپەيتىش باللار ۋە زىيالىيلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى بېلىق تەركىبىدە ئەلا سۈپەتلىك ئاقسىل بار، يەنە كۆپ مىقداردىكى EPA ۋە DHA مۇ بار، بۇلارنىڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ يېتىلىشىدە ۋە قان مېيى، خولېستېرىنلارنى تۆۋەنلىتىشتە مۇھىم رولى بار. سۇ مەھسۇلاتلىرىنى كۆپرەك يېگەندە، باللار تېخىمۇ ئەقىللىق بولىدۇ، قېرىلار يۈرەك قان تومۇر كېسىلىگە ئاسان گىرىپتار بولمايدۇ. ھازىر كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق ئوتتۇرىچە سۇ مەھسۇلاتلىرى تەمىناتى 15 كىلوگرام، بۇنى ئۈچ ھەسسە ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

چارۋىچىلىقنى بولۇپمۇ سېغىن كالا بېقىشنى تېز راۋاجلاندۇرۇپ، مەھسۇلات مىقدارىنى زور ھەجىمدە ئۆستۈرۈپ، ھەربىر كىشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 30—50 كىلوگرام سۈت مەھسۇلاتىنى ئىستېمال قىلىدىغان سەۋىيىگە يېتىش لازىم. ھازىر گوللاندىيىدە كىشى بېشىغا 720 كىلوگرام، ئامېرىكىدا 260 كىلوگرام، ھىندىستاندا 70 كىلوگرام توغرا كېلىدۇ، جۇڭگودا ئاران 4.2 كىلوگرام توغرا كېلىدۇ.

خەلقنىڭ ئۇ چاغدىكى تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇنئىي تالا، ئېتىن، دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنىمۇ ھەسسىلەپ ياكى بىرنەچچە ھەسسىلەپ ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**ئىككىنچى مەسىلە —— ئېنېرگىيە مەسىلىسى.** جۇڭگودا 1993-يىلى 1 مىليارد 100 مىليون توننا كۆمۈر، 140 مىليون توننا نېفىت سەرپ قىلىنغان، كىشى بېشىغا 0.9 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر توغرا كەلگەن. ۋەھالەنكى، ئامېرىكىدا كىشى بېشىغا 10 توننا، ياپونىيىدە 4 توننا، گېرمانىيىدە 5.6 توننا، ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە 3—5 توننا توغرا كەلگەن. مۆلچەرلىنىشچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، جۇڭگودا كىشى بېشىغا 14—15 توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر توغرا كېلىدىغان بولۇشى لازىم. ئوتتۇراھال

تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىش ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشىنى 3-5 ھەسسە ئاشۇرۇشقا، يەنى 3-5 مىليارد توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرنى ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

ئېلېكتر كۈچى جەھەتتە، جۇڭگودا كىشى بېشىغا 700 كىلوۋات سائەت توك توغرا كېلىدۇ، بۇ تەخمىنەن ئامېرىكىنىڭ سەرپىيات سەۋىيىسى ( كىشى بېشىغا 10 مىڭ كىلوۋات سائەت توغرا كېلىدۇ ) نىڭ ئون بەشتىن بىر قىسمىغا، ئوتتۇراھال تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ سەرپىيات سەۋىيىسىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 180 مىليون كىلوۋات بولۇپ، كىشى بېشىغا 0.15 كىلوۋاتتىن توغرا كېلىدۇ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ بولسا ئۈچ كىلوۋاتتىن ئاشىدۇ. ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، خەلقنى تېخىمۇ كۆپ توك بىلەن تەمىنلەشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ ناھايىتى زور بېسىم. ھازىر ھەر يىلى 15 مىليون كىلوۋاتلىق گېنېراتور كۆپىيىپ تۇرسىمۇ تەلەپنى يەنىلا قاندۇرالمايۋاتىدۇ. بۇندىن كېيىنكى 40 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە توك چىقىرىش ئىقتىدارىنى 1 مىليارد 200 مىليون كىلوۋات ئاشۇرغاندا يەنى ھازىرقىدىن 7 ھەسسە كۆپەيتكەندىلا، ئاندىن توك بىلەن تەمىنلەش مىقدارىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا بىر كىلوۋات توغرا كېلىدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئالىملارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، كۆمۈر كېلەچەكتىمۇ يەنىلا جۇڭگونىڭ ئاساسلىق ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ، بۇندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىردە يەنىلا 70% ئۆپچۆرىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئەرزان، زاپاس مىقدارى كۆپ، ئېنىقلانغان زاپاس مىقدارى ئاز كەم 1 تىرلىيون 100 مىليارد تونىغا يەتكەن. جۇڭگودا سۇ كۈچى بىلەن 380 مىليون كىلوۋات توك چىقىرىشقا ئىمكانىيەت بار، ھازىر ئۇنىڭ سەككىز پىرسەنتىلا ئېچىلغان، يادرو ئېنېرگىيىسى بىلەن توك چىقىرىش ئىشى ئەمدىلا تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشقا باشلىدى، شامال ئېنېرگىيىسىدىن زور كۆلەمدە پايدىلىنىش ئىشى تېخى باشلانمىدى. ئېنېرگىيە مەسىلىسى ئىلىم-پەنگە ياتىدىغان بىر چوڭ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ، ئۇنى تەتقىق قىلىش كېرەك.

مەبلەغ مەسىلىسى چوڭ بىر چەكلىمە بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ: ھازىر ئوت كۈچى بىلەن توك چىقىرىش، سۇ كۈچى بىلەن توك چىقىرىش ۋە يادرو ئېنېرگىيىسى بىلەن توك چىقىرىشنىڭ ھەر بىر كىلوۋاتقا كېتىدىغان دەسلەپكى مەبلىغىنىڭ مىقدار نىسبىتى 1:2:4. مەبلەغ يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن، ئاۋۋال ئوت ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇشقا، ئاۋۋال قۇربىمىز يېتىدىغان ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز. بۇ ھال مۇھىتقا ئائىت بىر قاتار مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر، ئاتموسفېرادىكى $CO_2$ مىقدارىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئېففېكت تەسىر پەيدا بولۇپ، يەر شارىنى ئىسسىتىۋېتەرمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىشىۋاتىدۇ. دۇنيا بويىچە ھەر يىلى 5 مىليارد 500 مىليون توننا $CO_2$ ( بىرىكمە كاربونغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا ) چىقىرىۋېتىلىدۇ، جۇڭگو ( 600 مىليون توننا ) ئامېرىكا ( 1 مىليارد 300 مىليون توننا ) بىلەن ئىلگىرىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ( 1 مىليارد 100 مىليون توننا ) دىن كېيىن 3-ئورۇندا تۇرغانىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كەتكەندىن كېيىن جۇڭگو 2-ئورۇنغا چىقتى. ئامېرىكا ئۆزىنىڭ $CO_2$ نى چىقىرىۋېتىش مىقدارىنى 1990-يىللىق سەۋىيىدە توختىتىپ

قويېدىغانلىقىنى جاكارلىدى. جۇڭگونىڭ ئىگىلىكى داۋاملىق راۋاجلىنىدۇ، دېمەك، جۇڭگو ئۇزاق ئۆتمەيلا دۇنيا بويىچە $CO_2$نى ئەڭ كۆپ چىقىرىۋېتىدىغان دۆلەت بولۇپ قالىدۇ.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى هايات ئېراسى دەۋرى ( تاش كۆمۈر دەۋرى، پېرم دەۋرى )گە تەۋە يەر قاتلاملىرىدىكى كۆمۈرنىڭ تەركىبىدىكى گۈڭگۈرت مىقدارى بىرمۇنچە جايلاردا %7_5كە يەتكەن، ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرىدا %13_10كە يەتكەن. جۇڭگودا هەر يىلى 17 مىليون تونىنا $SO_2$چىقىرىۋېتىلىدۇ، بۇنىڭ كاساپىتىدىن جەنۇبىي جۇڭگونىڭ كەڭ رايونلىرىدا كىسلاتالىق يامغۇر ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ. چۇڭچىڭ ۋە گۇاڭشىدىكى لىيۇجۇدا كىسلاتالىق يامغۇر نىسبىتى %70تىن ئاشقان، PH قىممىتى 4.0گە چۈشكەن ئەھۋالمۇ بولغان، بۇنىڭ بېزا ئىگىلىكى، ئورمان ۋە بىنا-ئىمارەتلەرگە بولغان زىيىنى ناهايىتى چوڭ. ياپونىيە بىلەن كورىيە، ئاتموسفېرامىزدىكى $SO_2$جۇڭگو تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلدى، دېيىشىۋاتىدۇ. ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر تېخى بىزگە ئاتموسفېرا هەرىكەت مودېلى ۋە ھېسابلاش ئۇسۇلىنى يارىتىپ بەرگىنى يوق، شۇڭا هاۋا رايى ئىدارىسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر بۇ خىل پىكىرنى ئىنكار قىلىشقا مايىل. ياپونىيىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن هەر بىر كىشى 4 تونىنا ئۆلچەملىك كۆمۈر كۆيدۈرۈۋاتىدۇ، كۆيدۈرىدىغان نېفىتنىڭ تەركىبىدىمۇ گۈڭگۈرت بار.

قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرىغىمۇ زور مىقداردىكى ئېنېرگىيە كېرەك بولىدۇ، جۇڭگونىڭ تۆمۈريوللىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھىندىستاننىڭكىگىمۇ يەتمەيدۇ. دېڭىز ترانسپورتىنىمۇ، هاۋا ترانسپورتىنىمۇ ھەسسىلەپ، ئون ھەسسىلەپ ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن ئېھتىياجنى قاندۇرغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋاللار مۇھتاقا تېخىمۇ تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ.

بىزنىڭ چىقىش يولىمىز كەڭ كۆلەمدە ئورمان بىنا قىلىش. ئورمان ئاتموسفېرانى ساپلاشتۇرىدىغان ئەڭگۈشتەردۇر. سۇبتروپىك بەلباغدىكى هەر بىر گېكتار ئورمان يىلىغا 90 تونىنا $CO_2$نى قوبۇل قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگونىڭ هەر يىللىق ئورمان بىنا قىلىش كۆلىمى 5 مىليون 300 مىڭ گېكتار، تاغنى قورشاپ ئورمان يېتىشتۈرۈش كۆلىمى 3 مىليون 700 مىڭ گېكتار، مەجبۇرىي كۆچەت تىكىش مىقدارى 2 مىليارد 400 مىليون تۈپ بولۇپ كەلدى. ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى هەر يىلى %1 تەك ئېشىپ كەلدى، بەش چوڭ ئورمان بەلبىغى ( شەرقىي شىمال-شىمالىي جۇڭگو-غەربىي شىمال ئورمان بەلبىغى، دېڭىز بويى ئورمان بەلبىغى، چاڭجياڭنىڭ يۇقىرى، ئوتتۇرا ئېقىملىرى ئورمان بەلبىغى، ئېتىز ئورمان تورلىرى ۋە يېقىلغۇ ئورمىنى بەلبىغى ) قۇرۇلۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا.

يېقىندا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكا ئېنېرگىيە مىنىستىرلىكى كۆمۈرنى پاكلاشتۇرۇش تېخنىكىسى توغرىسىدا پەن-تېخنىكا ھەمكارلىقى كېلىشىمى تۈزدى، ئامېرىكا 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرى چىقىرىپ، جۇڭگونىڭ گازلاشقان بىرلەشمە ئايلانما ئۆلگىلىك ماشىنا گۇرۇپپىسى بىلەن توك چىقىرىدىغان ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىدىن بىرنى قۇرۇشقا ياردەم قىلماقچى، ئاگلىشمچە چىقىرىۋېتىدىغان $CO_2$نى %20، $SO_2$نى %90، $NO_x$نى %90، چاڭ-توزاننى %100 ئازايتقىلى بولىدىكەن. ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بالدۇرراق قۇرۇلۇپ چىقىپ، بۇندىن كېيىن ئېلىمىزنىڭ كۆمۈر كۆيدۈرىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى

ئۆزگەرتىش ئىشى ئۈچۈن ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھازىر، ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر يەر شارىنىڭ ئىسسىپ بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە يەنىلا تالاش-تارتىش قىلماقتا. خىمىكلار، دېڭىز $CO_2$ نىڭ ئەڭ زور يىغىندىسى (Sink) دۇر، ئۇنىڭغا مودېلدا تولۇق ئەھمىيەت بېرىلمىدى، دەيدۇ. گېئولوگلار يېقىندا گرېنلاندىيىدە بىرنەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان مۇز ئۈسخىسىنى بۇرغىلاپ چىقىرىۋېلىپ، يەر شارىدا مۇز دەۋرىنىڭ بارلىققا كېلىش چاستوتىسىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىمىزدىن كۆپ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ھەتتاكى بەزىلەر 1993-يىلى قىشتا شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىدە بولغان قاتتىق سوغۇق ئېقىم ئېھتىمال يېڭى مۇز دەۋرىنىڭ بېشارىتىمىكىن، دەپ گۇمانلىنىۋاتىدۇ. قىسقىسى، پەندىكى بۇ مەسىلە تېخى تولۇق ھەل بولغىنى يوق.

قانداقلا بولمىسۇن، مەن «كىلىمات كىرىزىسى» ( Climate in Crisis ) دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئالبېرت. ك . باتېس ( Albert. K. Bates ) نىڭ ئەقىدىسىگە قوشۇلىمەن: ئىنسانلار ۋە يەر شارىدىكى مەۋجۇداتلار يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ پىلانېت يارىتىپ بەرگەن پۇرسەتكە توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى بەختلىك. بىز مۇشۇ ئاسمان جىسمىنىڭ 4 مىليارد 500 مىليون يىل داۋام قىلغان تەدرىجىي ئۆزگىرىشى جەريانىدا شۇنى بىلدۇقكى، ھەرقانداق بىر قەدەم خاتا تاشلانسا، ئۇ چاغدا يەر شارى مارس، ۋېنېرادەك پەقەت جانسىز ئاسمان جىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بىز بۇ پۇرسەتنى ئالاھىدە قەدىرلىشىمىز، خالىغانچە تەۋەككۈلچىلىك قىلماسلىقىمىز لازىم.

ئېنېرگىيە توغرىسىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتى شۇنى قارار قىلدىكى، سۇ كۈچى بىلەن توك چىقىرىش زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، تىرىشىپ يادرو ئېنېرگىيىسى راۋاجلاندۇرۇلىدۇ، شامال ئېنېرگىيىسى، يەر ئىسسىقلىقى ۋە دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى-پەسىيىشىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش شۇنىڭدەك قۇياش ئېنېرگىيىسىنى ئېچىش ئۈستىدىكى تەتقىقات كۈچەيتىلىدۇ؛ ئېنېرگىيە تېجەش تېخنىكىسى ۋە گۆڭگۈرتنى چىقىرىۋېتىش تېخنىكىسى ئۆزلەشتۈرۈلىدۇ، كۆمۈر تەركىبىدە گۆڭگۈرت مىقدارى يۇقىرى بولغان كۆمۈر كانىنى ئېچىش چەكلىنىدۇ. بۇ جەھەتلەردە خېلى زور نەتىجىلەر يارىتىلدى. بۇ فاڭجېن قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

**ئۈچىنچى، 80-يىللاردىن بۇيان جۇڭگونىڭ مۇھىت سىياسىتىدە بولغان ئىلگىرىلەشلەرنى ھەرقايسىڭلارغا ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەن.**

"مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىن ئىلگىرى، بەزى كىشىلەر، مۇھىت بۇلغىنىش مەسىلىسى كاپىتالىستىك جەمئىيەتكە خاس مەسىلە، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە بۇنداق مەسىلە يوق، دەپ قارىغانىدى، جۇ ئېنلەي زۇڭلى بۇ كۆزقاراشنى تەنقىد قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مۇھىت مەسىلىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن ئالاقىسى يوق؛ ئەگەر بىز سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا ئېكولوگىيىلىك بايلىقلارنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك، مۇھىتقا ئوخشاشلا زىيان يېتىدۇ، ئۇ، جۇڭگو مەڭگۈ پايدىلانغىدەك مۇھىت ۋە بايلىقلارنى ساقلاشنى تىرىشىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم، دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىزچىل راۋاجلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك دېگەن كۆزقاراشقا

بەك يېقىن كېلىدۇ.

1992-يىلى، جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جۇ ئېنلەي زۇڭلى ستوكگولمدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مۇھىت يىغىنىغا ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىشنى بەلگىلىدى. جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، يىغىننىڭ خىتابنامىسى توغرىسىدا بىرمۇنچە ئىجابىي تەكلىپلەرنى بەردى. بۇ جۇڭگونىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ مۇھىت مەسىلىسى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىش ۋە تەدبىر تۈزۈشكە بىرىنچى قېتىم قاتنىشىشى بولدى ھەمدە جۇڭگو ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

1978-يىلى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش باشلانغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر مۇھىت مەسىلىسى ئۈستىدىكى مۇھاكىمە ۋە پائالىيەتلەرگە كەڭ تۈردە قاتنىشىشقا، ئۆزىمىزنىڭ مۇھىتنى قوغداشقا ئائىت قانۇن ۋە قائىدە- نىزاملىرىنى تۈزۈشكە باشلىدى. بۇنى ئەمدى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

1981-يىلى، جۇڭگو«CITES» ( نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتقان ياۋا ھايۋان، ئۆسۈملۈك تۈرلىرى بويىچە خەلقئارا سودا ئەھدىنامىسى )گە قاتناشتى. ئالاقىدار قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، جۇڭگو قاتناشقان خەلقئارا ئەھدىنامىنىڭ كۈچى ئۆز قانۇنلىرىمىزنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگو قانۇنلىرى تەرىپىدىن قوغدىلىدىغان، «CITES»تە بەلگىلەنگەن 1-، 2-تۈرلەردىكى نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتقان تۈرلەرنىڭ ئىسمىلىكىنى ئېلان قىلدى.

1982-يىلى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى «دېڭىز-ئوكيان مۇھىتىنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى»نى ئېلان قىلدى.

1983-يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى، مۇھىتنى قوغداش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىر تۈپ دۆلەت سىياسىتى، دەپ ئېلان قىلدى.

1984-يىلى خەلق قۇرۇلتىيى «سۇ بۇلغىنىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش قانۇنى»نى ئېلان قىلدى.

1985-يىلى جۇڭگو «دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تەبىئەت مىراسلىرىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»گە قاتناشتى.

1987-يىلى خەلق قۇرۇلتىيى «ئاتموسفېرا بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنى»نى ئېلان قىلدى.

1988-يىلى خەلق قۇرۇلتىيى «ياۋا ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت قىلىش قانۇنى»نى ئېلان قىلدى، جۇڭگو ئالىملىرى بېكىتكەن جۇڭگودىكى نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتقان، قوغدىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھايۋان، ئۆسۈملۈك تۈرلىرى ئىسمىلىكىنى جاكارلىدى.

1989-يىلى خەلق قۇرۇلتىيى سىناق تەرىقىسىدە كۆپ يىل يولغا قويۇلغاندىن كېيىن تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «مۇھىت ئاسراش قانۇنى»نى ئېلان قىلدى.

1991-يىلى جۇڭگو تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «ئوزون قاتلىمىنى خورىتىدىغان ماددىلار توغرىسىدىكى

مونترېل كېلىشىمنامىسى»گە قاتناشتى ھەمدە خلوروختورلۇق ھىدرو كاربون مەھسۇلاتلىرى ( CFC ) نى ئىشلەپچىقىرىش، ئىستېمال قىلىشنى كونترول قىلىش ۋە پەيدىنپەي ئازايتىشنى قارار قىلدى.

1992-يىلى جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ رىئو يىغىنىدا ماقۇللانغان «ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئەھدىنامە»نى ۋە «جانلىقلارنىڭ خىلمۇخىللىقىنى قوغداش ئەھدىنامىسى»نى ئىمزالىدى.

1992-يىلى جۇڭگو مۇھىت ۋە تەرەققىيات توغرىسىدىكى ئون مۇھىم سىياسەت ۋە تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ئۇ مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئىزچىل راۋاجلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش؛ سانائەت پەيدا قىلغان بۇلغىنىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش؛ شەھەر مۇھىتىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاشنى دەرھال يولغا قويۇش؛ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش؛ ئېكولوگىيىگە پايدىلىق بولغان يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ مۇھىت ئىلمى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىپ، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇھىت ئاسراش كەسپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ ئىقتىسادىي ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، مۇھىت ئاسراش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش؛ مۇھىتنى ئاسراش ۋە گۈزەللەشتۈرۈشكە ئائىت قانۇن، قائىدە-نىزاملار سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ ئىزچىل راۋاجلىنىشقا ئىمكان بېرىدىغان ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش.

1993-يىلى گوۋۇيۈەن ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يولۋاس سۆڭىكى، كەركىدان مۈڭگۈزى قاتارلىق نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتقان ھايۋانلارنىڭ توقۇلمىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار ( جۈملىدىن دورىلار ) نىڭ سودىسى قانۇنسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى؛ «CITES»دا بەلگىلەنگەن ئىسمىلىكنى، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلارغا جىنايى ئىشلار جازاسى بېرىلىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى.

1994-يىلى جۇڭگو ھۆكۈمىتى « جۇڭگونىڭ 21-ئەسىردىكى قارالمىسى»نى تەستىقلىدى ۋە ئۇنى بۇندىن كېيىن سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى ئىزچىل راۋاجلاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت سۈپىتىدە، ئاق تاشلىق كىتاب شەكلىدە ئېلان قىلىشنى قارار قىلدى.

يۇقىرىقى ئىلگىرىلەشلەر شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، جۇڭگونىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگىنى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىمزالىنىپ بولغان خەلقئارا ئەھدىنامىلەر ۋە ماقۇللانغان دۆلەت ئىچىدىكى قانۇنلاردا ئۈستىگە ئالغان مەجبۇرىيەتلەرگە جىددىي ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق پوزىتسىيىسى بىلەن قارىدى ھەمدە ئۇنى مەملىكەت بويىچە مەجبۇرىي ئىجرا قىلدۇردى.

ھازىر، جۇڭگودا ئالاقىدار خەلقئارا قانۇن ۋە ئىچكى قانۇنلارنى ئىجرا قىلىشقا نازارەت قىلغۇچىلاردىن 100 مىڭ ئادەم (ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئورمان ساقچىلىرى ۋە مۇھىت ئاسراش كادىرلىرى ۋە باشقىلار) بار. گوۋۇيۈەننىڭ مىنىستىرلىك-كومىتېتلىرى، جۈملىدىن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى، سودا-سانائەت باشقۇرۇش ئىدارىسى، تاموژنا قاتارلىق تارماقلار بۇيرۇققا بىنائەن، تۈرلۈك قانۇنلارنى ۋە ھۆكۈمەت چىقارغان قائىدە-نىزاملارنى ئىجرا قىلىدۇ. ئۇلار ئىزچىل راۋاجلىنىشقا ئىمكانىيەت يارىتىش ستراتېگىيىسىنى

ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ دۆلەت سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇلار قانۇن-ئىنتىزامنى قوغداش يولىدا، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى يولىدا، ئىلىم-پەن ئىشلىرى يولىدا، يىراق كەلگۈسىدىكى ئەۋلادلارنىڭ مەنپەئىتى يولىدا قۇربان بېرىشتىن يانماي، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلماقتا.

1994-يىل 3-ئايدا، «CITES» نىڭ كاتىبات باشقارمىسى جۇڭگودا زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن ئامېرىكا ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ۋەكىلىنى بۇز ئىچىگە ئالغان ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ شۇ ئەھدىنامىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. بۇنىڭ ئالدىدا، ئامېرىكىنىڭ مۇھىت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى، ئەگەر جۇڭگو «CITES» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلمايدىغان بولسا، جۇڭگوغا ئىقتىسادىي جازا بېرىلىدۇ، دەپ جاكارلىغانىدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگونى تەكشۈرگەندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرى، قانۇنلىرى ۋە پوزىتسىيىسى ئەستايىدىل، تەمكىن ئىكەن؛ 100 مىڭ كىشى بىرىنچى سەپتە ئىشلەيدىكەن، بەزىلىرى بۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلىپتۇ، جۇڭگونى خەلقئارا جەمئىيەت تەنقىدلىمەي، جازالىماي، بەلكى ماختىشى، رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە قوللىشى لازىم ئىكەن، دەپ ھېسابلىدى.

ئاخىرىدا، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئىقتىسادىي تەرەققىيات سىياسىي، پەن-تېخنىكا جەھەتلەردە نۇرغۇن مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. كىشىلەر، ئىقتىسادىي مەسىلە تەبىئىي پەيدىنىمۇ مۇرەككەپ، دېيىشىدۇ، راست شۇنداقلىقىغا ئىشىنىمەن. ئىقتىسادىي مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىجتىمائىيەت، قانۇن، خەلقئارا سىياسەت، پەن-تېخنىكا، تارىخ، مەدەنىيەت ھەتتا سەنئەتنى بىلىش كېرەك.

جۇڭگو مۇھىت ۋە تەرەققىيات جەھەتلەردە نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ھەرقايسىڭلارنىڭ مۇھاكىمىدە پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن بىرقانچىنى ئېيتىپ قوياي.

1) سېلىنما يېتەرسىز، مەبلەغ مەنبەسى كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. بەزى مۇھىت ئاسراش تەدبىرلىرىنى بىلىپ تۇرساقمۇ ئۇنى يولغا قويۇشقا پۇل بولمايۋاتىدۇ.

2) قانۇن قاتتىق ئىجرا قىلىنمايۋاتىدۇ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى كۈچ يېتەرسىز. قانۇن سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭدا جىنايى ئىشلار جازاسىغا دائىر بەلگىلىمىلەر كەمچىل. جۇڭگونىڭ ئاھالىسى كۆپ، كۆزقاراشلارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك، سەۋرچانلىق بىلەن تەربىيە بېرىش كېرەك. "تەربىيە بەرمەيلا جازالاش" ياخشى ئەمەس. قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش ئەڭ مۇھىم تەربىيىلەش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ.

3) پەن-تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈش ئىشى تەلەپنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. مەسىلەن، قوللىنىشقا باب كېلىدىغان گۆڭگۈرتنى چىقىرىۋېتىش تېخنىكىسى تەتقىقاتى، يولۋاس سۆڭىكى، كەركىدان مۈڭگۈزى ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار تەتقىقاتى قاتارلىق تەتقىقاتلار زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلۇشى كېرەك. بىرىكمە ئېپارنى ياساش مەسىلىسى ھەل قىلىندى، كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇيۇشتۇرۇلۇۋاتىدۇ. بەزىگەكنى

داۋالايدىغان ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورا چېكىخاۋسۇنىڭ جۇڭگو ئالىملىرى تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنىشى ۋە راككا قارشى دورا راشەنچۇنىنىڭ ئامېرىكا ئالىملىرى تەرىپىدىن كەشىپ قىلىنىشى جۇڭگو دورىگەرلىكىنىڭ ئىلىم-پەن خەزىنىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى بىلەن خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەقىل-پاراستىنى بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك، مانا بۇنىڭ ئۆزى توغرا فاڭجېندۇر. بۇ جەھەتتە، بىر ئۇلۇغ مىللەتنىڭ تارىخىي مەدەنىيىتىگە سەل قاراش يارىماس ئىشتۇر.

بىز ئەنئەنىۋى تىبابەتچىلىك ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىمىز ۋە ئۇنى ھازىرقى زامان بىئولوگىيىسى بىلەن، بولۇپمۇ مولېكۇلا بىئولوگىيىسى ۋە ئىرسىيەتشۇناسلىق بىلەن تۇتاشتۇرۇشقا تىرىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو تىبابەتچىلىكى بىلەن غەرب تىبابەتچىلىكىنى بىرلەشتۈرۈش، بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان قىلىش نىشانىغا يېتىمىز. لېكىن، ھۆكۈمەت مالىيىسىدە قىيىنچىلىق بولغاچقا، پەن تەتقىقاتى سېلىنمىسى يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ، كۆپ تەرەپتىن مەبلەغ توپلاشقا توغرا كېلىدۇ.

4) خەلق ئاممىسىنىڭ مۇھىت ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. جۇڭگودا يەنە 80 مىليون كىشى نامراتلىق سىزىقىدىن تۆۋەن ئەھۋالدا تۇرىۋاتىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ نامراتلارنى يۆلەپ بېيىتىش نۆۋەتتىكى، جىددىي ۋەزىپە. گوۋۇيۈەن ”نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش پىلانى“نى تۈزۈپ، شۇ 80 مىليون كىشىنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم قىلىش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇھىتنى ئوڭشاشنىڭ چارىسىنى تېپىشقا تىرىشىشنى بەلگىلىدى. بۇ جايلاردىكى مۇھىت مەسىلىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلىشقا، ئومۇمەن، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. بۇنى جۇڭگو ئىلىم-پەن خادىملىرى تولۇق چۈشىنىدۇ. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى باشلامچىلىق بىلەن نامرات رايونلارغا پەن-تېخنىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىم، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقلىرىنى ئەۋەتىپ، ئۇ رايونلاردىكى خەلقنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىردەك ئېتىراپ قىلغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى پەن-تېخنىكا خادىملىرى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئاقىلانىلىقى، پىداكارلىق روھىدىن ۋە ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن ئىلھاملانماقتا.

خۋاڭخې-خۇەيخې-خەيخې رايونى، ئۈچ دەريا تۈزلەڭلىكى، چۆل-جەزىرە قۇرغاق رايونلىرى، دېڭىز بويلىرىدىكى چۆكمە سازلىق رايونلىرى ۋە چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىدىكى مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان خەلق جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئالىي مەكتەپلەر ۋە سانائەت تارماقلىرىدىكى ئالىملارنىڭ تۆھپىسىنىڭ پايدىسىنى كۆرمەكتە. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى تارىختىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ.

چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدا زو زۇڭتاڭ ( 1812_1885 ) ئىسىملىك بىر سەركەردە ئۆتكەن، ئۇ خۇنەننىڭ شياڭيىن ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ چىققان، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرغان مەزگىلدە مۇھىتنى ئوڭشاپ، بەك كۆپ نەتىجىلەرنى ياراتقان. كېيىنكىلەر ئۇنى مۇنداق دەپ ماختىغان: ”غەربكە كەتتى باش سەركەردە باشلاپ قوشۇننى، ماكان تۇتتى تيانشاننىڭ جەنۇب-شىمالىنى، كۆچەت تىكىپ كۆكەرتىۋەتتى چۆل-جەزىرىنى، توسالمىدى يۇيمېنگۇەنمۇ

باھار شاملىنى.» بۇگۈنكى كۈندىكى جۇڭگو ئىلىم-پەن خادىملىرى ئېخىمۇ كەڭ زېمىندا كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلىپ، ھەممە يەردە ھاۋانى ساپ، سۇنى سۈزۈك قىلىشقا قەتئىي ئىرادە باغلىدى. بىز چوقۇم ئەجدادلىرىمىزدىن ئېشىپ چۈشۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ياشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا بولمىسا بولمايدىغان مۇھىتنى ئوڭشاش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايمىز.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان
مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار

# يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئۆگىنەيلى

جاڭ سىچېڭ

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى يېتەكلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشلار ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش داۋامىدا، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش،چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا باشتىن-ئاخىر ئىنتايىن ئېتىبار بېرىپ كەلدى ۋە تىرىشتى. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نىڭ 3-تومىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدىكى نۇرغۇن مۇپەسسەل بايانلار بىلەن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىدىكى ئالاقىدار بايانلىرى قوشۇلۇپ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش ئىدىيىنى شەكىللەندۈردى. بۇ — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش بىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىكى يېڭى ۋەزىيەتتە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، پارتىيىمىزنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى ئۈستىگە ئالالايدىغان قىلىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ( 1 )

يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆپ قېتىملىق سۆزىدە، پارتىيە ئىچىدە، دۆلەت ئورگانلىرىدا ساقلىنىۋاتقان

چىرىكلىكنىڭ ئېغىر زىيىنىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە جىددىيلىكىنى شەرھلىدى. بۇنى مۇنداق تۆت جەھەتكە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. چىرىكلىك ھادىسىسى پارتىيىگە ۋە خەلق ھاكىمىيىتىگە خەۋپ يەتكۈزىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۆزگىچە خاس ئالاھىدە كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە ستراتېگىيىلىك نەزەرى بىلەن كۆپ قېتىم پۈتۈن پارتىيىنى ئاگاھلاندۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى " تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈش، ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوڭقۇر قاراش كېرەك " دېدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، خىيانەتچىلىك قىلىش، پارا ئېلىشقا ئوخشاش چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يامراپ كېتىش ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1982-يىل 4-ئايدا، ئۇ كەسكىن تۈردە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، "بىر-ئىككى يىل ئىچىدە خېلى كۆپ كادىرلار چىرىپ كەتتى. ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە چېتىلغانلار ئاز ئەمەس، ناھايىتى كۆپ ...... بۇ شامال ئىنتايىن كۈچلۈك. پارتىيىمىز ئۇنىڭغا قاتتىق دىققەت قىلمايدىغان ۋە بۇ شامالنى قەتئىي توسمايدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ 'قىياپىتى ئۆزگىرىپ كېتىش' مەسىلىسى راستلا يۈز بېرىدۇ. " ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2- توم، 610-611-بەتلەر ) ھازىر ئىنتايىن ئاز ساندىكى دۆلەت خادىملىرىدا خىيانەتچىلىك قىلىدىغان، پارا ئالىدىغان، يۈز-خاتىر قىلىپ قانۇننى بۇزىدىغان، نەيرەڭۋازلىق قىلىپ ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمايدىغان، بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىدىغان، چىرىپ چۈشكۈنلىشىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇد، ماھىيەتتە ئۇلار ئۆزى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان، ئەسلىدە خەلققە مەنسۇپ بولغان ھوقۇقنى كاپىتاللاشتۇرۇپ، تاۋارلاشتۇرۇپ، ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىۋاتىدۇ. تەپتىش ئورگانلىرى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان ئەنزىلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، بۇ ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسى ھوقۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىك، خىيانەت قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى پۇل باشقۇرغۇچىلار، پارا ئالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھوقۇقدارلار، بولۇپمۇ بىۋاسىتە ئادەم، مالىيە ۋە ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغانلاردۇر. ھوقۇقنى " ياتلاشتۇرۇۋېتىش "تىن ئىبارەت بۇنداق رەزىللىكلەر پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئېغىر ھالدا بۇزدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1989-يىلىدىكى سىياسىي ۋەقەنىڭ ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلىغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: " چىرىكلىكنىڭ پەيدا بولۇشى ئارقىسىدا، بىر قىسىم ئامما پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويىدى. " ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 619-بەت ) سۇ كېمىنى ئېلىپ يۈرەلەيدۇ، چۆكتۈرۈپمۇ ئېتەلەيدۇ. خەلقنىڭ ئىشەنچىدىن قالغانلار ھەممىدىن قۇرۇق قالىدۇ دېگەن داۋلى قەدىمدىن قالغان داۋلىدۇر. ئەگەر چىرىكلىكنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويىدىغان بولساق، پارتىيىمىز، خەلق ھاكىمىيىتىمىز ئۆزلۈكىدىن گۇمران بولۇشى، ھالاك بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقىقەتەن پوپوزا گەپ ئەمەس.

2. چىرىكلىك ھادىسىسى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ مەسىلىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى دەپ قارىدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەپ-تىزگىنلىشى ئاستىدا، بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئاساسلىق رولى جارى قىلدۇرۇلىدىغان ئىگىلىك. ئۇنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىدىن بىرى بازار سۇبيېكتلىرى ئادىل سودىلىشىش، باراۋەر رىقابەتلىشىشتىن ئىبارەت. چىرىكلىك ھادىسىسىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى بولسا ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىش، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خادىملار ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئۆزى تۇتۇپ تۇرغان ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ بازارغا ناھەق ئارىلىشىپ، بۇ ئارقىلىق مېھمان بولۇپ، سوۋغا قوبۇل قىلىپ، ئۆزىگە نەپ ئۇندۇرۇۋېلىشى ۋە پارا تەلەپ قىلىشى، پارا ئېلىشىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئەھۋالدا، بازار ئىگىلىكىنىڭ ھەرىكەت قائىدىسى بۇزۇلىدۇ، ئادىل رىقابەتمۇ مەۋجۇد بولمايدۇ. چىرىكلىك ھادىسىسى بازار ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى دەپسەندە قىلىپ، بازارنىڭ ھەرىكەت تەرتىپىنى بۇزۇپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ مەنپەئىتىنى ئىگەللىۋېلىپ، بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئاساسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغۇزمايدۇ.

چىرىكلىك ھادىسىسى چوڭ-چوڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، توغرا، بىر تۇتاش ئەمەلىيلىشىشىنى قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ھازىر پاي تۈزۈمى ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇش بىلەنلا ”ھوقۇق پېيى“ تەقسىم قىلىش، كادىرغا پاي چېكى سوۋغا قىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى، ئاكسىيە سودىسى پائالىيىتىدە ھۆكۈمەت پۇلىغا پاي سېتىۋېلىش، بازارنى تىزگىنلەش ۋە يەڭ ئىچىدە سودىلىشىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋاللىرى پەيدا بولدى. يېڭى باج تۈزۈمى ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەنلا، يالغان قوشۇلما قىممەت بېجى تالونىنى بېسىش ۋە سېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. بولۇپمۇ يەرلىك قورۇقچىلىق ۋە تارماقلار قورۇقچىلىقىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە جانلاندۇرۇشنى دەستەك قىلىپ، قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەھۋاللار سادىر بولدى، بۇ ئەھۋاللار بىر تۇتاش چوڭ بازارنىڭ شەكىللىنىشىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ جەھەتتە يولداش دېڭ شياۋپىڭ مەسىلىنى ئەڭ ئەتراپلىق بايان قىلىپ، پۈتۈن پارتىيىنى قايتا-قايتا مۇنداق دەپ ئاگاھلاندۇردى: ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش سىياسىتى قانچە ئۇزۇن داۋاملاشسا، پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش خىزمىتىنى شۇنچە ئۇزۇن داۋاملاشتۇرۇش، ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ۋە جىنايى قىلمىشلارغا زەربە بېرىش ئىشىنى شۇنچە ئۇزۇن ئېلىپ بېرىش كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئېچىۋېتىش، جانلاندۇرۇش سىياسىتىمىزنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلالايمىز.” بۇ كۆرسەتمىنى ئېلىپ بارمىساق، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتى مەغلۇب بولىدۇ.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن

تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 613_614-بەتلەر )

3. چىرىكلىك ھادىسىسى دۆلەتكە بىۋاستە ئېغىر ئىقتىسادىي زىيان يەتكۈزىدۇ. تەكشۈرۈشكە ئاساسلان-غاندا، ھۆكۈمەت پۇلىغا مېھمان چاقىرىش، سوۋغا تەقدىم قىلىش، خىيانەت قىلىش، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرماسلىق، باج تاپشۇرۇشتىن قېچىش، باج پۇلىنى قانۇنسىز تۇتۇپ قېلىش قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللار ۋە قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن، دۆلەت ھەر يىلى 100 مىليارد يۈەن زىيانغا ئۇچرايدىكەن. دۆلەت خادىملىرى دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە پارا ئېلىپ جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ، ئۇلار ئۆزىنىڭ كىچىككىنە مەنپەئىتىنى دەپ، دۆلەتنى زور زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. بەزى دۆلەت خادىملىرى ھوقۇقىنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىپ، خىزمەتكە ئېتىبارسىز قاراش، بيۇروكراتلىق قىلىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زور ھادىسىلەرنىڭ دۆلەتكە كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي زىيىنىمۇ ئىنتايىن زور. ئورۇن-ئىدارىلەرنىڭ ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئەتكەس ماللارنى ئېلىپ-سېتىش ھەرىكەتلىرى مىللىي سانائەتكە قاتتىق زەربە بولماقتا.

4. چىرىكلىك ھادىسىسى پارتىيە ئىستىلىنى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزىدۇ. چىرىكلىك ھادىسىسى پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشى بولماسلىقىنىڭ ئەڭ مەركەزلىك، ئەڭ ئېغىر ئىپادىسىدۇر. ئۇ پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ئېغىر زەربە بولدى. چىرىكلىك ھادىسىسى ئېغىر بولغان بەزى تارماقلار ۋە ئىنتايىن ئاز ساندىكى دۆلەت خادىملىرى پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن ھەققەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى پۈتۈنلەي يوقاتتى، ئۇلاردا بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپ قىلىش، ساختىپەزلىك، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق ۋە مۇبالىغىچىلىق كەيپىياتى ئەۋج ئېلىپ كەتتى، ھۆكۈمەت پۇلىغا چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىش ئەھۋالى شۇنچە چەكلەنسىمۇ توگىمىدى. بەزى نامرات رايونلاردا ئوقۇتقۇچى-لارنىڭ ئىش ھەققىنى تارقىتىپ بېرىش قىيىن بولۇۋاتىدۇ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغاندا دېھقانلارغا ئاق ھۆججەت بېرىلىۋاتىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق، بەزى رەھبەرىي كادىرلار نۇرغۇن پۇل خەجلەپ ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلارنى سېتىۋېلىۋاتىدۇ. بەزى كەسىپلەردە ناتوغرا ئىستىللار ئەۋج ئېلىپ كەتتى، كەسىپتىن پايدىلىنىپ پايدا چىققۇدەكلا يەردىن نەپ ئۈندۈرىدىغان ئەھۋاللار ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا. مەسىلەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە ئەدلىيە تارماقلىرىدا ئەنزە بېجىرىش، رۇخسەتنامە، كىنىشكا ۋە نوپۇس بېجىرىش ئىشلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ئەھۋاللىرى، باج تارماقلىرىدا باج ئىشلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ئەھۋاللىرى، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىدا گۇۋاھنامە بېجىرىش ئىشلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ئەھۋاللىرى، مالىيە-پۇل مۇئامىلىسى تارماقلىرىدا پۇل قەرز بېرىش ئىشلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ئەھۋاللىرى، تۆمۈريول تارماقلىرىدا ۋاگون تەستىقلاش ئىشلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش ئەھۋاللىرى،

بەزى مونوپول خاراكتېرىدىكى كەسىپلەردە نېفىت، توك، پولات ماتېرىياللىرىدىن ۋە هاراق، تاماكىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تار تىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇد، بۇنىڭدىن باشقا يەنە دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ ھەقسىز مۇلازىمەتنى ھەقلىق مۇلازىمەتكە ئۆزگەرتىدىغان، قالايمىقان جازا قويىدىغان، قالايمىقان ھەق ئالىدىغان، قالايمىقان سېلىق سالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. چىرىكلىك ھادىسىسى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى قاتتىق بۇزدى، ئىجتىمائىي كەيپىيات ئىجتىمائىي ئەخلاقنى بۇزدى. چىرىكلىكنىڭ ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىشى تۈپەيلىدىن، مىللىتىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى شەكىللەندۈرگەن ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشى، بەزى كىشىلەردە، بولۇپمۇ بەزى ياشلاردا تىرىشچان-ئىقتىسادچىل بولۇش، تۆھپە يارىتىش، كەسىپكە ئىنتىلىش، باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش قاتارلىق ئەخلاق قارىشىنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئۇلارنىڭ كاللىسى بىر-بىرىنى ئالداش، پايدىغا ئىنتىلىش، راھەت-پاراغەتكە ئىنتىلىش، پاسسىپلىق بىلەن ياشاش قاتارلىق چۈشكۈن قاراشلار بىلەن تولدى. چىرىكلىك ھادىسىسى ماھىيەتتە پارتىيىمىزنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ۋە مەركەزگە ئىنتىلدۇرۇش كۈچىنى، مىللىتىمىزنىڭ روھىنى چىرىتىدۇ. چىرىكلىكنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا كەلتۈرگەن بۇزغۇنچىلىقىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ، ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئەخلاق جەھەتتە تۆۋەنلەپ كېتىشنىڭ مىللىتىمىزگە كەلتۈرگەن زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر، ئۇنىڭ زىيىنىنى ھەتتا بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرمۇ تۈگىتەلمەيدۇ.

بىز چىرىكلىك ھادىسىسىنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى ۋە زىيىنىنى تولۇق تونۇشىمىز كېرەك. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2-ئومۇمىي يىغىنىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: „ ئەگەر بىز بىپەرۋالىق قىلىپ، چىرىكلىكنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويىدىغان بولساق، پارتىيىمىز نابۇت بولىدۇ، خەلق ھاكىمىيىتىمىز نابۇت بولىدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىشلىرىمىز نابۇت بولىدۇ. پارتىيىمىز، كادىرلىرىمىز ۋە خەلقىمىز بۇنداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ھەرگىز يول قويمايدۇ. “

( 2 )

چىرىكلىك، ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ، پارتىيىمىزنىڭ ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتى بىلەن سىغىشالمايدۇ. پارتىيە ئىچىدە ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدە چىرىكلىكنىڭ مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىك، بۇنىڭدا ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبىمۇ بار، چەتتىن كىرگەن ئامىللارنىڭ تەسىرىمۇ بار، تۈزۈلمىمىزدىكى، خىزمىتىمىزدىكى نۇقسان ۋە يېتەرسىزلىكلەرمۇ بار.

—— ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار سىنىپىنىڭ قالدۇق ئىدېئولوگىيىسىنىڭ چىرىتىشى. دۆلىتىمىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، كونا جۇڭگودىن قېپقالغان فېئوداللىق مۇستەبىتلىك، ئىمتىياز ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى يەنىلا بىر قەدەر چوڭقۇر، فېئودالىزمنىڭ قالدۇق تەسىرى تېخى تازىلىنىپ بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدا، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، جۈملىدىن تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلىنى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى دادىل قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش بىلەن بىللە، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسى ۋە چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىپ، ئىرادىسى ئاجىز بەزى كىشىلەرنىڭ غايىسىنى ۋە ئېتىقادىنى چىرىتىدۇ ھەم زەئىپلەشتۈرىدۇ.

—— ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئاجىز بولۇشى. مۇشۇ يىللاردىن بېرى، بەزى جايلاردىكى ۋە ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىز ئاجىزلىشىپ، بوشىشىپ كەتتى، بەزى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىمىز نامىدا بار، ئەمەلدە يوق بولۇپ قالدى، پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەربىيە چىڭ ۋە يېتەرلىك تۇتۇلمىدى، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلار ئارىسىدا ئەۋج ئېلىپ كەتتى. بەزى كىشىلەر پۇل ۋە شەھۋانىيلىقنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا تاقابىل تۇرالماي، شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ، چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوغلىشىپ، پارتىيە ئىنتىزامىغا ۋە دۆلەت قانۇنىغا پىسەنت قىلماي، ھەتتا خەتەرلىك يولغا مېڭىپ، كاللىسىنىڭ كېتىشىگە تەۋەككۇل قىلىپ، خىيانەت قىلىش، پارا ئېلىش قاتارلىق جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللاندى. بۇنىڭغا قارىتا يولداش دېڭ شياۋپىڭ چوڭقۇر ھالدا: بىزدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىك تەلىم-تەربىيە جەھەتتە كۆرۈلدى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى، مائارىپنىڭ تەرەققىياتى يېتەرلىك بولمىدى، دەپ كۆرسەتتى.

—— تۈزۈلمىدە ئىللەتلەر مەۋجۇت، ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىۋېتىلمىدى، ئادەم، مالىيە ۋە ماددىي ئەشيانى باشقۇرۇش جەھەتتە ھۆكۈمەت تارمىقى ھەتتا بىرەر ئادەم خېلى چوڭ ھوقۇقنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى، كۈچلۈك نازارەت قىلىش ۋە چەكلەپ تۇرۇش مېخانىزمى بولماي كەلدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئىقتىسادىي ھەرىكەت جەريانىدا قىسىش، توسۇش ئەھۋاللىرى بەك كۆپىيىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن، ئىرادىسى ئاجىز بەزى ئاچكۆز كىشىلەر ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشقا باشلىدى، نەتىجىدە پۇلنى ھوقۇققا تېگىشىدىغان، „يول پۇلى“ خەجلەپ يول ئاچىدىغان چىرىكلىك قىلمىشلىرى پەيدا بولدى. „پۇل بەرمىگىچە ئىش بېجىرمەيدىغان، پۇللا بەرسە ئۆزى بىلگەنچە ئىش بېجىرىدىغان“ غەيرىي نورمال ئەھۋاللار ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. 1980-يىللا

يولداش دېگ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى: ھوقۇقنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىش، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ ساختىپەزلىك قىلىش، پارا يەپ قانۇننى بۇزۇش قاتارلىق چىرىكلىك ھادىسىلىرى پەيدا بولۇشنىڭ تۈزۈلمىدىكى ئىللەتلىرى، بىرىنچى، ھوقۇق ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلەشتۈرۈۋېتىلدى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ئۆزلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تېگىشلىك بولمىغان، ياخشى باشقۇرالمايدىغان، باشقۇرۇپ كېتەلمەيدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى باشقۇردى. ئىككىنچى، مەسئۇلىيەت ۋە ھوقۇق دائىرىسى ئېنىق بولمىدى، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ۋە تۈرلۈك كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرىدا ئۇزاقتىن بېرى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قاتتىق مەمۇرىي قائىدە-نىزاملار ۋە شەخسى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ئورنىتىلماي كەلدى، ھەر بىر ئورگان ھەتتا ھەر بىر ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە ھوقۇق دائىرىسى توغرىسىدا قاتتىق، ئېنىق بەلگىلىمە تۈزۈلمەي كەلدى، نەتىجىدە چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە، كۆپ ھاللاردا، ئەمەل قىلغۇدەك قائىدە-نىزام بولمىدى. ئۈچىنچى، كادىرلارنى ئىشقا قويۇش، مۇكاپاتلاش، جازالاش، پېنسىيىگە چىقىرىش، خىزمەتتىن چېكىندۈرۈش، شاللاشنىڭ نورمال چارىلىرى بولمىدى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت سىستېمىسىدا بيۇروكراتلىقنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىنى، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى مۇقەررەر.

مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تولۇق ئورنىتىلىپ بولمىغاچقا، باراۋەرسىز رىقابەت مۇھىتى مەلۇم كىشىلەر ۋە مەلۇم ئورۇنلارنىڭ نورمىدىن تاشقىرى كۆپلەپ پايدا ئېلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەردى. مەسىلەن، باھادىكى قوش يوللۇق تۈزۈم، جۈملىدىن، تاۋار باھاسىدىكى، تاشقى پېرېۋوت نىسپىتىدىكى، ئىناۋەتلىك قەرزنىڭ ئۆسۈم نىسپىتىدىكى پەرق ۋە دەسلەپكى پاي بىلەن بازارغا سېلىنغان پاينىڭ باھاسىدىكى پەرق قاتارلىقلار نورمىدىن تاشقىرى كۆپلەپ پايدا ئېلىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى. باھادىكى بۇنداق غايەت زور پەرق ئىنتايىن كۈچلۈك قىزىقتۇرۇش كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان ياكى ھوقۇققا يېقىن بولغان، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھەم ئىرادىسى ئاجىز بولغان بەزى كىشىلەر (جۈملىدىن بەزى ئورگان، تەشكىلات، كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلار) "تەستىق ھۆججەت"، "نورما" نى ئېلىپ-سېتىپ، كۆپلەپ ھارام پايدا ئالدى. مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىلمىغان ئەھۋالدا، بەزى دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كوللېكتىپ كارخانىلار باج تاپشۇرۇش جەريانىدا، باجنى تۇتۇپ قېلىپ، ئۇنى مېھمان چاقىرىش-سوۋغا تەقدىم قىلىش، پۇل ئارقىلىق "ئۆتكەلدىن ئۆتۈش"، بۇزۇپ چېچىپ ئۆزى راھىتىنى كۆرۈشكە ئىشلەتتى. باجنى كېمەيتىش ۋە باجنى كەچۈرۈم قىلىش يولى بىلەن زور پايدا تاپىدىغان ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىدە، يوشۇرۇن سودىلىشىش ئەھۋاللىرىمۇ ئاز ئەمەس. بەزى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە تارماقلار ئۆز مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ ئېتىبار بېرىش، ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش جەريانىدا، شەرتنى كەڭ قويۇۋېتىپ، يالغان تاشقى سودىگەر، يالغان شىرىكچىلىك، يالغان

مەكتەپ كارخانىسى، يالغان پاراۋانلىق كارخانىسى دېگەنلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى، بۇنىڭ بىرمۇنچىسى پەردە ئارقىسىدا ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىش نەتىجىسىدە قۇرۇلغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

—— بازار قائىدىسى ۋە تەرتىپى كەمچىل. چىرىكلىك ھادىسىسى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ئەمەس. بازار ئىگىلىكىنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئۇ ئادىل سودىلىشىش ۋە باراۋەر رىقابەتلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمما بازارغىلا تايىنىش بىلەن بۇنداق ئادىل سودىلىشىش، باراۋەر رىقابەتلىشىش تەرتىپى ئۆزلۈكىدىن شەكىللىنىپ قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرقى زامان بازار ئىگىلىكىدە ھامان بازارنىڭ ھەرىكىتىنى قاتتىق قائىدىگە سېلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا بازارغا دائىر قائىدە-نىزاملار تولىمۇ مۇكەممەلسىز، كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولغان قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى كادىرلار كەمچىل. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى مۇكەممەل بولمىغان، بازار تەرتىپى تېخى قېلىپلىشىپ بولمىغان بۇنداق ئەھۋالدا، چىرىكلىك تېخىمۇ ئوڭاي پەيدا بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مەملىكىتىمىزنىڭ تاۋار بازىرى، پۇل مۇئامىلە بازىرى، ئۆي-زېمىن بازىرى قاتارلىقلاردا ئالدامچىلىق بىلەن بازارنى ئىگەللىۋېلىش، ھايانكەشلىك قىلىپ ئېلىۋېلىش، ھىيلىگەرلىك بىلەن بۇلاپ-تالاش قاتارلىق رەزىللىكلەر كېلىپ چىقتى. بۇنداق چىرىكلىك ھادىسىلىرى ئادىل سودىلىشىش، باراۋەر رىقابەتلىشىش پرىنسىپىنى بۇزدى، بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئاساسلىق رولىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغىمۇ توسالغۇ بولدى.

—— قانۇن تۈزۈش ئىشى مۇكەممەل ئەمەس، قانۇن-تۈزۈم ساغلام ئەمەس. قانۇن تۈزۈش ئىشى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، تۈزۈشكە تېگىشلىك نۇرغۇن قانۇنلار بىر مەزگىل تۈزۈلۈپ چىقىلمىدى، نەتىجىدە يېڭى ۋەزىيەتتە كېلىپ چىققان بىرمۇنچە يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى قائىدىگە سالىدىغان قانۇن بولماي قالدى، بۇنداق ئەھۋالدا ھوقۇق ئارىلاشسا، ناھايىتى ئوڭايلا چىرىكلىك يۈز بېرىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1978-يىلى مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى: ” ھازىرقى مەسىلە شۇكى، قانۇنلار تېخى تازا مۇكەممەل ئەمەس، نۇرغۇن قانۇنلار تېخى تۈزۈلۈپ چىقىلمىدى. كۆپ ھاللاردا رەھبەرلەرنىڭ سۆزى ’ قانۇن ‘ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، رەھبەرلەرنىڭ سۆزىنى قوللىمىغانلىق ’ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىق ‘ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. رەھبەرلەرنىڭ سۆزى ئۆزگەرسە، ’ قانۇن ‘ مۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان ئەھۋال بولۇۋاتىدۇ. “ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 234-بەت) قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا يوچۇق بولغاچقا، چىرىك ئۇنسۇرلار ” يوچۇق “ تىن پايدىلىنىپ، پۇرسەت تېپىپ قانۇنسىز ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

—— جازالاش كۈچلۈك ئەمەس. ” بەزى يولداشلىرىمىز چىرىكلىك ئالدىدىمۇ تازا ھوشيار بولالمىدى، ئۇنى تۈزىتىش يولىدىمۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللانمىدى. “ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 675-بەت) بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ چىرىكلىكنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە

يۈرگۈزگەن ئىنتايىن چوڭقۇر تەھلىلىدۇر، ئۇ مۇنداق دېگەن: ” مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيە ئىچىدە ئادەتتىن تاشقىرى سەۋر-تاقەت قىلىدىغان، لىگىتاسىملىق قىلىدىغان، قورقۇنچاقلىق-يۇمشاق قوللۇق قىلىدىغان، ئىش تېپىۋالماي دەپ يول قويىدىغان كەيپىيات ھەقىقەتەن ئەۋج ئېلىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئىنتىزامى بوشاپ كەتتى، ھەتتا بىر قىسىم يامان ئادەملەر قوغدىلىپ قالدى. “ ( يۇقىرىقى كىتاب، 73_74-بەتلەر ) چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاشنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقىدا تونۇش مەسىلىسى سەۋەب بولغان. بەزى جايلاردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ تا ھازىرغىچە مەركەزنىڭ چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش توغرىسىدىكى فاڭجېنىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، ئۇلار خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق جىنايى ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ئىشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي خىزمەتنى بۇزۇۋېتىدۇ دەپ قارايدۇ، تۇتقۇنلۇق قىلىش ئىقتىسادىي ئەنزىلەرنى جازالاشنى يالغۇز تەكشۈرۈپ ئەمەلىي ئىشلىمەيدۇ... سۇسلاشتۇرۇپ ياكى زەربىگە ئۇچرىتىپ قويارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلماقتا؛ بەزى جايلاردىكى ئاز بىر قىسىم رەھبەرلەر چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىشى پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، ئىقتىسادنىڭ يۈكسەلمەسلىكىنى خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قاتارلىق ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايەت ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتىن كۆرۈۋاتىدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۆزى پاك بولمىغاچقا، ” چامغۇرنى يۇلدۇم دەپ، لېيىنى بىللە چىقىرىپ قويىدىغان “ ئىش بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ئۆزىگە ئىش تېپىۋېلىشتىن قورقۇۋاتىدۇ. شۇڭا بۇ جايلاردا چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە ھەرىكەت ئاستا بولۇۋاتىدۇ، كۈرەش چوڭقۇرلاشمايۋاتىدۇ. ئايرىم پارتىيە — ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ھەتتا مەركەزنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىغا كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتىن خىلاپلىق قىلىپ، كۆرۈنۈشتە بىرخىل سۆزلەپ، ئاستىرتىن باشقىچە يول تۇتۇپ، يا بۇنى تەكشۈرگىلى قويمايۋاتىدۇ، يا ئۇنى مەلۇم قىلغىلى قويمايۋاتىدۇ. چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش ئىشىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقىدا ئىنتىزامنى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش مۇھىتى ۋە شارائىتى قاتارلىق جەھەتتىكى سەۋەبمۇ بار. ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولماسلىق مەسىلىسىگە سېلىشتۇرغاندا، قانۇن بار تۇرۇپ ئەمەل قىلماسلىق، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتۈرمەسلىك مەسىلىسى تېخىمۇ ئېغىر. بەزى جايلار ۋە تارماقلاردىكى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئاساسىي قانۇننىڭ، قانۇنلارنىڭ ۋە پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز سۆزىنى قانۇن ئورنىغا دەسسىتىپ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ قانۇن ئورۇنلىرىنى بېسىپ، تەكشۈرۈلۈپ بېكىتىلىۋاتقان كونكرېت ئەنزىلەرگە، جۈملىدىن ئەدلىيە تەرتىپىگە قويۇلغان ئەنزىلەرگە بەك كۆپ، بەك ئىنچىكلەپ ئارىلىشىۋېلىپ، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىنى ئادىل ئىشلىيەلمەيدىغان، ئۆزىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل يۈرگۈزەلمەيدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ تەكشۈرۈش ئىشى يۇقىرىراق قاتلامدىكى رەھبىرىي كادىرلارغا تاقالغاندا، بۇ مەسىلە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇۋاتىدۇ. ئىنتىزامنى، قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان بەزى تارماقلارنىڭ ئىنتىزامنى، قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش جاسارىتى يېتەرلىك ئەمەس، ئۇلار قورقۇپ يامانغا تېگىشكە پېتىنالمايۋاتىدۇ؛ بەزى ئورۇنلاردا ئەنزە بېجىرىش

راسخوتى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولغاچقا، بەزى ئەنزىلەرنىڭ ۋاقتىدا بىجىرىلىشىگە تەسىر يېتىۋاتىدۇ.

—— نازارەتچىلىك كۈچلۈك ئەمەس. بۇ ئاساسەن مۇنداق ئىككى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرى، نازارەتچىلىك ھوقۇقى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە بولمىغاچقا، نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايۋاتىدۇ، مەسىلەن، پۇقرالارنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن دۆلەت خادىملىرىنىڭ ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلىرىنى نازارەت قىلىش، پاش قىلىش ھوقۇقى تولۇق ئىشلىتىلمىدى. يەنە بىرى، نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ، نازارەتچىلىك خىزمىتىدە ئۇيۇشۇش كۈچى تولۇق شەكىللەنمىگەن بولغاچقا، دۆلەت خادىملىرىنى ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشىنىڭ ھەتتا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ.

## ( 3 )

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى قانداق قىلغاندا چوڭقۇر قانات يايدۇرغىلى بولىدۇ؟ يولداش دېڭ شياۋپىڭ چىرىكلىك ھادىسىسىنىڭ ئېغىر زىيىنىنى ھەمدە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، " ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق بولۇش " ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى بىلەن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنى ئوخشاش مۇھىم ئورۇنغا قويغان. ئۇ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك بىر ۋەزىپە، ئۇنىڭدا يەنە ئاممىۋى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ، ئىسلاھات ۋە تۈزۈمگە تايىنىشتىن ئىبارەت يېڭى يولدا مېڭىش ھەمدە ئىسلاھاتنىمۇ، تۈزۈمنىمۇ قانۇنچىلىق ئىزىغا سېلىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. 1992-يىلى ئۇ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا: " ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. كادىرلار ۋە كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى چوڭ ئىش قاتارىدا تۇتۇش لازىم. يەنىلا قانۇنچىلىققا تايىنىش كېرەك، قانۇنچىلىققا تايىنىش ئىشەنچلىك بولىدۇ " ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 791-بەت ) دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا قانۇنچىلىققا تايىنىش يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىش ئىدىيىسىنىڭ يادروسىدۇر. ئۇ چوڭ جەھەتتىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىسىگە

ئاساسەن، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن تۇتۇلۇشى كېرەك:

## 1. تەلىم-تەربىيىدىن باشلاپ تۇتۇش

يولداش دېڭ شياۋپىڭ، پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادىسىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئىشنى تەلىم-تەربىيىدىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن. چىرىكلىك ئاۋۋال روھنىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىن پەيدا بولىدۇ. جۇڭگودا: " نەرسىلەر ئاۋۋال ئۆزى چىرىپ ئاندىن قۇرتلايدۇ " دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. لېنىن تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن: " سىياسىي جەھەتتە تەربىيە كۆرگەن كىشى خىيانەت قىلمايدۇ، پارا ئالمايدۇ. " تەلىم-تەربىيە ئارقىلىق پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئاشۇرۇش، ھەر بىر پارتىيە ئەزاسى ۋە كادىرنى ئىدىيە-ئەخلاق جەھەتتە ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلىش، ئۇلارنى خەلق مەنپەئىتىنى ئالىي بىلىدىغان، پاك-دىيانەتلىك بولىدىغان، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدىغان قىلىش، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئاڭ-پىكىر ۋە ئەدەپ-ئەخلاق ئاساس قىلىنغان ئىچكى مۇداپىئە لىنىيىسىنى قۇرۇپ چىقىش چىرىكلىكتىن مۇداپىئەلىنىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك تەدبىردۇر. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش پارتىيىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشكۈل ۋەزىپىسىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1989-يىلى ئۈچىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق دېگەن: "دائىمىي كومىتېتتىكى يولداشلار پۈتۈن زېھنىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشقا قارىتىشى كېرەك، پارتىيىمىزنى تۇتۇشقا توغرا كېلىپ قالدى، تۇتمىساق بولمايدىغان بولۇپ قالدى. " ( يۇقىرىقى كىتاب، 651-بەت ) پارتىيە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ نەمۇنىسى، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى يەنە كېلىپ پۈتۈن پارتىيىنىڭ نەمۇنىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى تۇتۇشتا، پارتىيە پارتىيە ئىشلىرىنى تۇتۇش، پارتىيىنى قاتتىق تۈزەش روھى بويىچە، ئالدى بىلەن پارتىيە ئىچىدىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ياخشىلىشى كېرەك. ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشى ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى. ناتوغرا ئىستىل ئەدەپ كەتكەن ھازىرقى ئەھۋالدا، ئامىمىنىڭ كۆزى پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە پارتىيىلىك كادىرلارغا تىكىلىپ تۇرماقتا، ئۇلارنىڭ ئىستىلى ئۆڭشالسا، تۆۋەنىنىڭ ئىشىمۇ ئاسانغا چۈشىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى چىرىكلىككە قارشى كۈرەشتە رەسمىيەتچىلىك قىلغان-قىلمىغانلىقنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم بىر بەلگە ھېسابلىنىدۇ. بىزدە 50 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى، ئون مىليوندىن ئارتۇق پارتىيىلىك كادىر بار، بۇلار جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۆۋرۈكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىدىكى رەھبىرىي كۈچتۇر. پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلاردىكى چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتى تۇتۇلسا، پارتىيە ئىچىدىكى پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ساقلاشنىڭ ھالقىسى تۇتۇلغان بولىدۇ. شۇڭا، پارتىيە تۇتۇشى كېرەك، پارتىيىنى تۇتۇش كېرەك دەيمىز. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى ياخشى تۇتۇپ، پارتىيە ئىستىلى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، شۇنداقلا پارتىيىمىزنى ئىسلا-ھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

## 2. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىچىدىكى چىرىكلىك ھادىسىسىنىڭ ماھىيىتى "سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە قانۇن ۋە تۈزۈمنىڭ سىرتىدا ئىگە بولۇۋالغان ھوقۇق" نىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىدا دەپ قارىغان. (《دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما》، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 504-بەت) بۇنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چىرىكلىك ھادىسىسىنى نازارەت قىلىش-چەكلەش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش مېخانىزمىنى تۈزۈم جەھەتتىن مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت، بۇ مەسىلىنى يىلتىزىدىن ھەل قىلىدىغان تۈپ چارىدۇر. نۆۋەتتە، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم بىر ۋەزىپە ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇنداق قىلىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقىمۇ، ھوقۇق-پۇل سودىسىغا ئوخشاش چىرىكلىك ھادىسىلىرىدىن تۈزۈلمە جەھەتتىن ئۈنۈملۈك ساقلىنىشقىمۇ پايدىلىق. يەنە بىر ۋەزىپە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، ئۆز-ئۆزىنى چەكلەيدىغان بازار سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بازار ھەرىكىتىنى قېلىپقا چۈشۈرۈش، بازار تەرتىپىنى ئورنىتىش كېرەك، بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئىقتىسادىي سۇبيېكتلار باراۋەر ئاساستا ئادىل رىقابەت قىلىدىغان بولسۇن؛ پىيزا-بازار كارخانىلىرى، يەككە كارخانىلار ۋە خۇسۇسىي كارخانىلار خام ئەشيا-ماتېرىيال سېتىۋېلىش، ماللىرىنى توشۇتۇش، مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئۈچۈن سوۋغا-سالام بېرىش، پارا بېرىشتەك ناتوغرا ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئىش تۇگىسۇن؛ يالغان، ناچار تاۋارلار قانۇنسىز ۋاستە ئارقىلىق بازارغا كىرگۈزۈلىدىغان، ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلار ناتوغرا يولدا ماڭمىغانلىق سەۋەبىدىن بېسىلىپ قالىدىغان ئىشمۇ تۇگىسۇن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ سودىگەرلىك قىلىش، كارخانا ئېچىشىنى قاتتىق چەكلەش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەل قىلىپ، ھوقۇقنىڭ يېڭى شەكىل ئارقىلىق بازارغا كىرىشىنى توسۇش كېرەك.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى پۇختا ھالدا پائال ئېلىپ بېرىش كېرەك. دېموكراتىك سىياسەت دۆلەت ھاكىمىيىتى ئۈستىدىكى بىر خىل تۈپ چەكلىمە، شۇنداقلا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچتۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئارقىلىق ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنىڭ

مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيە-ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئايرىشنى، مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ھوقۇقىنى ئايرىشنى، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ھازىرقى تۈزۈلمىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، چىرىكلىك ھادىسىسىنى يوقىتىشنى تەسەۋۋۇر قىلغان. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى يەنە بىر خىزمەت دۆلەت خىزمەتچىلىرى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىش. دۆلەت خىزمەتچىلىرى تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قاتارلىق جامائەت ئاپپاراتلىرىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسى، ھوقۇق دائىرىسى، دۆلەت خىزمەتچىلىرىنى تاللاش-سەپلەش، سىناش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش، تەربىيىلەش، مۇكاپاتلاش ۋە جازالاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ تەرتىپىدە ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى، ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولدى، ۋەزىپە ئېنىق ئايرىلدى، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى تۈرلۈك چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى ئۈنۈملۈك ھالدا توسۇش ۋە تۈگىتىشكە ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشنى ئاشكارا بېجىرىش تۈزۈمىنى پەيدىنپەي يولغا قويۇپ، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك.

**3. قانۇن تۈزۈش قەدىمىنى تېزلىتىش**

ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، نۆۋەتتە تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن قانۇن تۈزۈشنى كۈچەيتىش ئىنتايىن زۆرۈر.

پاكلىققا دائىر قانۇنلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. پاكلىققا دائىر قانۇنلارنى تۈزۈشتىن مەقسەت پاكلىق سىياسىتىنى بەرپا قىلىش، ھوقۇق يۈرگۈزۈش بويىچە بىر يۈرۈش ئۆز-ئۆزىنى باشقۇرۇش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھوقۇقنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈشى، تىزگىنلىشى ھەمدە تەڭكەش، تەرتىپلىك ھالدا يۈرگۈزۈلۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، تاۋار ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىنى پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ مەمۇرىي پائالىيەتلىرىگە كىرگۈزۈپ، پۇل-ھوقۇق سودىسى قىلىشتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەت. سىستېمىلىق ھالدا قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق، دۆلەت خادىملىرىنىڭ پاك بولۇش، ئۆزىنى تۇتۇش توغرىسىدىكى ئەخلاقىي كۆز قارىشىنى ئەمەلىي ئادا قىلىشقا بولىدىغان كونكرېت قانۇنىي مەجبۇرىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، ھوقۇق ھەرىكىتىنى قېلىپقا چۈشۈرۈش، جامائەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتىن ساقلىنىش كېرەك. پاكلىققا ئائىت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرىدا ۋە ئەدلىيە تارماقلىرى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار، ئىقتىساد باشقۇرۇش تارماقلىرى، ئادەم، مالىيە، ماددىي ئەشيالارنى بىۋاستە باشقۇرىدىغان ئورۇنلاردا ئۈنۈملۈك چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، مۇشۇ تارماق ۋە ئورۇنلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئاممىنىڭ ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى تۇتۇپ، بىر يۈرۈش ئېنىق ھەم كونكرېت ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى ۋە ئىش بېجىرىش قائىدىلىرىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۇنى جامائەتكە

ئېلان قىلىش كېرەك؛ ئىشنى ئاما بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە قىلىدىغان تارماقلارنى تۇتۇشتىن، ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ۋە ساختىپەزلىك ئەڭ ئاسان يۈز بېرىدىغان ھالقىلارنى تۇتۇشتىن باشلاپ، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشنى ھەقىقىي تۈردە توسۇش، تارماق ۋە كەسىپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش كېرەك.

بازار ئىگىلىكىگە ئائىت قانۇنلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. مەسىلەن، بازار سۇبيېكتى بويىچە قانۇن تۈزۈشنى، بازار تەرتىپى بويىچە قانۇن تۈزۈشنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ ئاكسىيە بازىرى، ئۆي-زېمىن بازىرىغا ئائىت قانۇن-قائىدىلەرنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ پارا بېرىش، پارا ئېلىشتەك قانۇنغا خىلاپ ۋاستىلەر ئارقىلىق ئادىل رىقابەتنى بۇزۇپ، قانۇنسىز نەپ ئېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك؛ دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشىگە ئائىت قانۇنلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىش ۋە كارخانىلاردىن قالايمىقان ھەق ئېلىش، ئۇلارغا قالايمىقان سېلىق سېلىشتەك چىرىكلىك ھادىسىلىرىدىن ساقلىنىش كېرەك؛ قانۇن تۈزۈش ئارقىلىق ئىسلاھات داۋامىدىكى بەزى ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىك تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مەسىلەن، باھادىكى قوش يوللۇق تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشىدا قاتتىق بەلگىلىمە چىقىرىپ، قاتتىق باشقۇرۇپ، يوچۇقلارنى ئېتىپ، چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارغا پايدىلانغۇدەك يوچۇق قالدۇرماسلىق كېرەك.

جازالاش خاراكتېرىدىكى قانۇنلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. خىيانەتچىلىككە، پارىخورلۇققا قارشى تۇرۇش قانۇنىنى تېزدىن تۈزۈپ چىقىپ، خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق قىلىش، ھۆكۈمەت پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىشتەك قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلارنى قاتتىق جازالاش كېرەك. بولۇپمۇ بەزى ئېغىر زىيان كەلتۈرىدىغان ئەمما ھازىرقى جىنايى ئىشلار قانۇنىدا تېخى بەلگىلەنمىگەن قىلمىشلارغا قاتتىق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى قانۇندا ئېنىق بەلگىلەش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلارنى زۆرۈر بولغان قانۇن ۋاستىلىرىنى ۋە زورلۇق تەدبىرلىرىنى قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىپ، چىرىك ئۇنسۇرلارنى جازالاش ئۈچۈن جانلىق، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك بىر يۈرۈش خىزمەت رەسمىيەتلىرىنى بەرپا قىلىش كېرەك. چەت ئەلنىڭ ئۇسۇلىنى ئەينەك قىلىشنى ئويلاشساق بولىدۇ، گۇمانلىق چىرىك ئۇنسۇرلار ئالاھىدە دەلىل-ئىسپات كۆرسىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ پاكلىقىنى ئىسپاتلىسۇن، ئۇنداق قىلمىغانلار جىنايىتى بار دەپ قارىلىدۇ، مەسىلەن، زور مىقداردىكى مال-مۈلۈكنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولماسلىق جىنايىتى ۋەھاكازالار.

## 4. قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش

قانۇننى ئىجرا قىلىشتا ھەممىگە بىر كۆزدە قاراشتا چىڭ تۇرۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ھەر قانداق كىشىنىڭ قانۇني جازاغا تارتىلماي ئەركىن يۈرۈشىگە يول قويماسلىق كېرەك. ئەنگلىيىلىك مۇتەپەككۇر بېكون: ” بىر قېتىملىق ئادىل بولمىغان سوتنىڭ يامان ئاقىۋىتى ھەتتا ئون قېتىم جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن

ئېشىپ كېتىدۇ. چۈنكى جىنايەت ئۆتكۈزۈش قانۇننى كۆزگە ئىلمىغانلىق — ئېقىن سۇنى بۇلغىغانلىق — بولسا، ئادىل بولمىغان سوت قانۇننى بۇزغانلىق —— سۇ مەنبەسىنى بۇلغىغانلىق — بولىدۇ " دېگەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا " يۇمشاق قوللۇق " بولۇش مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ كۆپ قېتىم جىددىي تەنقىدلىگەنىدى. ئۇ 1989-يىل 5-ئاينىڭ 31-كۈنىدىكى سۆھبىتىدە مۇنداق دېگەن: " چىرىكلىككە ياتىدىغان ئىشلارنى تۇتساقلا، مۇھىم ئەنزە پاش بولۇپ چىقىدۇ، شۇغىنىسى، بىز تولا چاغلاردا ئۇنىڭغا قول سالالمايۋاتىمىز. بۇنداقتا، خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىمىز، كىشىلەر بىزنى چىرىكلەشكەنلەرگە چاپان ياپىدىكەن دەپ قالىدۇ. بىز بۇ ئۆتكەلدىن ئۆتۈشىمىز، گېپىمىزنى ئەمەلدە كۆرسىتىشىمىز لازىم. بىز بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دېيىشىمىز، ئەنزىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كەلسە، شۇنداق بىر تەرەپ قىلىپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىگە چوقۇم ئىگە بولۇشىمىز لازىم. " ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 611—612-بەتلەر ) ئۇ قانۇن ئالدىدا ھەممە كىشىنىڭ باپباراۋەر بولۇشىنى، " ھېچكىمنىڭ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشىغا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشىغا يول قويماسلىق "نى، مەيلى كىم بولسۇن، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەكلىكىنى، " ھەر قانداق كىشىنىڭ قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاشىلا تۇغدۇرۇشىغا، قانۇننىڭ جازاسىغا تارتىلماي ئەركىن يۈرۈشىگە يول قويماسلىق " نى تەشەببۇس قىلغان. ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 504—505-بەتلەر )

قانۇن بويىچە قاتتىق، ئېغىر جازا بېرىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. 1982-يىل 4-ئايدا، شۇ چاغدىكى ئېغىر خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ئەتكەسچىلىك قىلىشتەك چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: " بۇ شامالنى توسۇشتا تېز، جىددىي، قاتتىق بولۇش كېرەك. " "قىلمىشى ئالاھىدە ئېغىر بولغان جىنايەتچىلەرگە ئەڭ قاتتىق قانۇن جازاسى بېرىش لازىم. بۇ شامالنى توسۇشتا ئاز-تولا ھەيۋە بولمىسا بولمايدۇ-دە! " مەسىلىسى ئېغىر پارتىيە ئەزالىرىغا نىسبەتەن، ئۇ " لامزەللىلىك قىلىشقا، تولىمۇ يەڭگىل چارە كۆرۈشكە بولمايدۇ " دېگەن تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويغان. («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 612-بەت ) ئۇ، ئۆلۈم جازاسىنى بىكار قىلىشقا بولمايدۇ، بەزى جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى كېرەك. ئۆلۈم جازاسى بېرىشمۇ كەم بولسا بولمايدىغان بىر خىل تەربىيە ۋاستىسى، دەپ قارىغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: ئىقتىسادىي جىنايىتى ئىنتايىن ئېغىر بولغانلارغا، دۆلەتكە بىر قانچە مىليون، ئون مىليون يۈەن زىيان كەلتۈرگەن دۆلەت خادىملىرىغا نېمە ئۈچۈن جىنايى ئىشلار قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدىكەن؟ 1952-يىلى ئىككى ئادەم ئېتىلدى، بىرى ليۇ چىڭشەن، بىرى جاڭ زىشەن، بۇنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان، ھازىر ئىككى ئادەمنىلا ئاتسا ئۇنداق زور رولى بولمايدۇ، كۆپرەك ئېتىلسا، ئاندىن ئىرادىمىز ھەقىقىي ئىپادىلىنىدۇ.

كۈچنى توپلاپ چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئالدى بىلەن رەھبىرىي كادىرلاردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك، بۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىزچىل تەشەببۇسى. ئۇ، قانچە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ پەرزەنتى بولسۇن، قانچە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىر بولسۇن، قانچە داڭلىق كىشى بولسۇن، ئۇلارنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايى قىلمىشلىرىنى شۇنچە چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن. چۈنكى بۇنداقلارنىڭ تەسىرى چوڭ، جىنايەتتىن كەلتۈرگەن زىيىنىمۇ چوڭ بولىدۇ، تېپىك ئەنزىنى تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلساق، ئۇنىڭ ئۈنۈمىمۇ چوڭ بولىدۇ، بىزنىڭ بارلىق تۇسالغۇلارنى يېڭىپ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشقا قەتئىي نىيەت باغلىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئائىلە تاۋابىئاتى، پەرزەنتلىرىنىڭ مەسىلىسىدە چوقۇم قەتئىي، ئېنىق پوزىتسىيە ۋە قىلچە ئىككىلەنمەسلىك پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش تارماقلىرىنى قەتئىي قوللاشنى تەلەپ قىلغان. 1982-يىلى ئۇ ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايىتى ئېغىرلارغا قاتتىق زەربە بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا، ھەر بىر ئۆلكىنىڭ بىرقانچە چوڭ ئەنزىنى تۇتۇشنى تەلەپ قىلغان. 1989-يىلى ئۇ مەركەزدىكى مەسئۇل يولداشلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە قايتا-قايتا كۆپ قېتىم مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: " چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاشتا، ئاز دېگەندە 10-20 چوڭ ئەنزىنى تۇتۇش كېرەك، ئۇنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولۇشى، ئۇ كېچىكتۈرۈلمەي بىر تەرەپ قىلىنىشى لازىم. " ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 649-بەت ) " چىرىكلىك، خىيانەتچىلىك ۋە پارىخورلۇق ئەنزىلىرىدىن 10-20نى تۇتۇشىمىز، بەزىلىرىنى ئۆلكە مىقياسىدا، بەزىلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا تۇتۇشىمىز كېرەك. چاقماقتەك چاققان تۇتۇشىمىز، ئۇنى ئامىمغا ئېلان قىلىشىمىز، قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈشىمىز لازىم. جازاغا تارتىشقا تېگىشلىكلەرنى، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك جازاغا تارتىش كېرەك. " ( يۇقىرىقى كىتاب، 612-بەت )

قانۇنىي ئىگىنىڭ جىنايىتىگە زەربە بېرىشنى كۈچەيتىش كېرەك. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان، بەزى ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئەھۋالى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ بارماقتا، چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولماقتا. بۇ خىلدىكى جىنايەت كىچىك گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ دۆلەت مەنپەئىتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈپ، بىر ئورۇننىڭ كەيپىياتىنى بىۋاستە بۇزىدۇ. بۇ بىر خىل ئېغىر چىرىكلىك بولۇپ، زىيىنى ئېغىر. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەركىبلەر بازار سۇبيېكتى سۈپىتىدە ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، قانۇنىي ئىگىنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى يەنە كۆپىيىدۇ ھەمدە پەيدىنپەي مۇرەككەپلىشىشكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش جەھەتتىكى بۇ خىل يېڭى يۈزلىنىشكە خېلى بۇرۇنلا دىققەت قىلىپ، بەزى ئورۇنلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: ئىقتىسادىي

ساھەدىكى جىنايەتلەرنىڭ بەزىلىرىنى شەخسلەر ئۆتكۈزگەن، بەزىلىرىنى كوللېكتىپ ئۆتكۈزگەن، نۇرغۇن پۇل شەخسنىڭ ياكى بەزى كوللېكتىپنىڭ چۆنتىكىگە كىرگەن؛ بەزى ئورۇنلار "ھەممىدە پۇلغا قاراش"نىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شىركەت ئېچىپ، دۆلەت ئاجراتقان مەبلەغ بىلەن سودىگەرلىك قىلغان؛ دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي خىزمەتتە، ئىقتىسادىي سىياسەتنى بۇرمىلاپ، ئىقتىساد باشقۇرۇش خىزمىتىدىكى يوچۇقتىن پايدىلىنىپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقان كىچىك گورۇھلار ھەتتا كارخانا، ئىدارىلەرمۇ كۆپەيمەكتە. ئۇ ئورۇنلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە نىسبەتەن قاتتىق ھوشيار بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن.

مەخسۇس ئورگان قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا قانۇنچىلىققا تايىنىش كېرەك، شۇڭا قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان كۈچلۈك بىر ئاپپارات بولمىسا بولمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1978-يىلىلا سىياسىي قانۇن تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، "تەپتىش ئورگانلىرى بىلەن ئەدلىيە ئورگانلىرىنى كۈچەيتىش" كېرەك، دېگەن. («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 234-بەت) ئۇ كۆپ قېتىم، پېتەرلىك، لاياقەتلىك ئەدلىيە كادىرلىرى قوشۇنى بولۇشى كېرەك؛ سىياسىي قانۇن تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، بۇ تارماقلاردىكى خادىملارنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئاشۇرۇش لازىم، دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە، پارتىيە قانۇننى ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ھوقۇقىنى مۇستەقىل يۈرگۈزۈشىنى قوللىشى، قانۇننى ئىجرا قىلىش تارماقلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قوللىشى كېرەك، لېكىن فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ خىزمەتلىرىگە چات كىرىۋالسا بولمايدۇ، دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن: "ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش، جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشتە، قانۇن دائىرىسىگە كىرىدىغان مەسىلىلەرنى قانۇنچىلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش لازىم، پارتىيىنىڭ ئۇنى بىۋاسىتە باشقۇرۇشى مۇۋاپىق ئەمەس. پارتىيە ئۆز ئىچىدىكى ئىنتىزام مەسىلىلىرىنى باشقۇرۇشى، قانۇن دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى دۆلەت ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشى كېرەك. پارتىيە ئىشلارغا بەك كۆپ ئارىلىشىۋالسا، ئومۇمىي خەلق ئىچىدە قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى تۇرغۇزۇشقا دەخلى يېتىدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 333-بەت) يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دېگەن: "قانداق ئادەمنى ئېتىش، قانداق ئادەمگە ھۆكۈم قىلىش ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ قانۇن بويىچە بېجىرىشىگە تېگىشلىك ئىش. پارتىيىنى ئەدلىيە ئورگانلىرى ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ، ھۆكۈمەتنىمۇ ئەدلىيە ئورگانلىرى ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ."

## 5. نازارەت قىلىش، چەكلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش

ئېلىمىزدە، بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ، خەلق ئۆزىنىڭ ۋەكالەت ئاپپاراتى ئارقىلىق دۆلەت باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ھوقۇققا ئىگە بولغۇچى بىلەن ھوقۇقنى يۈرگۈزگۈچىنىڭ بۇنداق نىسپىي ئايرىلىشى ھوقۇقنى چەكلەشنى زۆرۈر قىلىپ قويغان.

پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە، شۇڭا، پارتىيە ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك، ماھىيەتتە، دۆلەتنىڭ تەدبىر كۆرۈشى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكتۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 50-يىللاردىلا: „ جۇڭگودا، چوڭ خاتالىق سادىر بولسا، كىمدىن سادىر بولىدۇ؟ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىن سادىر بولىدۇ “، شۇنىڭ ئۈچۈن، „ پارتىيە نازارەتنى قوبۇل قىلىشى، پارتىيە ئەزالىرى نازارەتنى قوبۇل قىلىشى كېرەك “ دېگەن. ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 499-بەت ) ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش باشلانغاندىن كېيىن، ئۇ يەنە: „ كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكدە چوڭ تۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ، دەرۋەقە، نازارەتچىلىك، چەكلىمە بولمىسىمۇ بولمايدۇ “ دەپ كۆرسەتكەن. ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 532-بەت ) پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتكەنلىك پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەنلىك بولماستىن، بەلكى پارتىيە رەھبەرلىكنى تېخىمۇ ياخشىلىغانلىق، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىك بولىدۇ. ئەگەر پارتىيىمىز نازارەت قىلىنمىسا، ئۇ ھالدا چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ.

ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئاممىۋى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلمايدۇ، لېكىن خەلق ئاممىسىنىڭ نازارەتچىلىك رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىلىشى كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: „ خىيانەتچىلىك، پارىخورلۇق، ئوغرىلىق ۋە باشقا قالايمىقان نەرسىلەرنى خەلق ئىنتايىن يامان كۆرىدۇ، بىز بۇلارنى خەلقنىڭ كۈچىگە تايىنىپ، چوقۇم پەيدىنپەي تۈگىتەلەيمىز. “ ( يۇقىرىقى كىتاب، 321-بەت ) ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلىگەن : „ ئاممىۋى نازارەت تۈزۈمى ئورنىتىلىشى، ئامما بىلەن پارتىيە ئەزالىرى كادىرلار، خۇسۇسەن رەھبىرىي كادىرلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىشى لازىم. ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋالغان، ئالاھىدە بولۇۋالغان، تەنقىد ۋە تەربىيە بېرىلسىمۇ تۈزەتمىگەنلەرگە قارىتا، خەلقتە قانۇن بويىچە پاش قىلىش، شىكايەت قىلىش، ئەرز بېرىش، خىزمىتىدىن يۆتكىۋېتىش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زىيىنىنى تۆلىتىۋېلىش ھەمدە ئۇنداق ئادەملەرنى قانۇن ۋە ئىنتىزام جازاسىغا تارتىش ھوقۇقى بولۇشى لازىم. “ ( «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 505-بەت ) تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ ئاممىۋى پاش قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، پاش قىلىش خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا، مەخسۇس خىزمەت بىلەن ئاممىۋى لۇشيەننى بىرلەشتۈرۈش، ئاممىنىڭ نازارەتچىلىكى بىلەن قانۇننىڭ نازارەتچىلىكىنى ئورگانىڭ ھالدا بىرلەشتۈرۈشنىڭ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى كۈچى ناھايىتى زور بولغان.

مەخسۇس ئورگاننىڭ نازارەتچىلىكى. مەخسۇس ئورگاننىڭ نازارەتچىلىكى پاسسىپلىق-چىرىكلىك ھادى-

سىلىرنى تۈگىتىشنىڭ تەشكىلىي كاپالىتىدۇر، ئېلىمىزدە، مەخسۇس ئورگاننىڭ نازارەتچىلىكى پارتىيە ئىچىدىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگىنىنىڭ نازارەتچىلىكى، دۆلەت قانۇن نازارەتچىلىك ئورگىنىنىڭ يەنى خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ نازارەتچىلىكى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى رېۋىزىيە، مۇپەتتىش قاتارلىق تارماقلارنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ مەخسۇس ئورگانلارنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ تارماقلارنىڭ خىزمەتلىرىنى بىر-بىرىگە باغلاشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇش ئىشىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۇلارنى ئۆز ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان، ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىدىغان قىلىش، بۇنىڭ بىلەن مۇكەممەل بىر زەنجىر قىلىپ شەكىللەندۈرۈپ، بىر پۈتۈن گەۋدىنىڭ نازارەتچىلىك قىلىش، چەكلەشتىكى بىرىكمە كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

جامائەت پىكرىنىڭ نازارەتچىلىكى. جامائەت ۋە جامائەت پىكرىنىڭ نازارەتچىلىكى چىرىك ئۇنسۇرلارغا نىسبەتەن بىر خىل غايەت زور چۆچۈتۈش كۈچىدۇر. گېزىت-ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى ئارقىلىق قانۇنچىلىق تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشقا، توغرا كەيپىياتنى ئۇلغايتىشقا، خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسىنى ئىپادىلەشكە، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە خىزمەت خادىملىرى ئۈستىدىن ھەققانىيەت جەھەتتىن نازارەت قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ھۆكۈمەت بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش، پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەت خادىملىرىنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ قىلمىشىنى پاش قىلىشتا زور ئەھمىيىتى بار. ئاخباراتچىلىققا دائىر قانۇن تۈزۈش ئىشىنى كۈچەيتىپ، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى قانۇن كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ، قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى ئاشۇرۇپ، ئاخبارات جامائەت پىكرى خىزمەتچىلىرىنى قانۇن بويىچە باتۇرلۇق بىلەن، ئەستايىدىل نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىدىغان قىلىش كېرەك.

سىياسىي كېڭەش بىلەن دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىكى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ” پارتىيىمىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەر تەرەپنىڭ پىكىرلىرىنى، جۈملىدىن ھەر قايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلىرىنى ئاڭلاشقا، بۇ تەرەپتىن كەلگەن تەنقىد ۋە نازارەتنى قوبۇل قىلىشقا تېخىمۇ موھتاجمىز، بۇنداق قىلىش كۆپنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، كەمچىلىكىمىزنى تۈگىتىش، خاتالىقىمىزنى ئازايتىشقا پايدىلىق. “ ( «دېڭ شياۋپىڭ بىرلىك سەپ توغرىسىدا»، 165-بەت ) ” ئاممىنىڭ، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلارنىڭ پىكىرلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلىمايدىغان بولساق، قۇلىقىمىز ئېتىلىپ قالىدۇ-دە، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشتا بىر تەرەپلىمىلىك قىلىش يولىغا كىرىپ قېلىپ، خاتالىق سادىر قىلماي قالمايمىز. “ ( «دېڭ

شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 500-بەت ) خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىدىن ئىبارەت بۇ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپ تەشكىلاتىنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىكى نەزەر دائىرىسى كەڭ، تەكتىنى كۆرۈش ئىقتىدارى كۈچلۈك، كەڭ كۆلەملىك ھەم جانلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتىكى بىر خىل ئۈنۈملۈك قورالدۇر.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا
تەلئەت ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىر: ئايشەم تاۋار

www.uyghurkitap.com

# كىتابخانىلار سەمىگە

نەشرىياتىمىزغا نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن لۇغەت ئورىگىنالى ئەۋەتمەكچى بولغان ئاپتورلىرىمىزغا مۇنۇ ئىشلارنى ئۇقتۇرىمىز:

لۇغەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاتالغۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قالايمىقانچىلىق ۋە خاتالىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، لۇغەت ئورىگىنالى ئاۋۋال ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق كومىتېتىغا ئەۋەتىلىشى كېرەك. بۇ كومىتېتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئورىگىنالنىڭ سۈپىتىگە قاراپ، نەشرىياتىمىز نەشر قىلىش-قىلماسلىقنى ئويلىشىدۇ. ئاپتورلارنىڭ يېقىندىن ھەمكارلىشىشىنى ۋە بۇ پىكرىنى ئۆزئارا كەڭ تەشۋىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

《求是文选》（维吾尔文版） 国外代号：M5——V 国内统一刊号：CN11—2498

邮发代号 2—373 定价：0.95 元 邮政编码： 100013